

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

Xinjiang Cirization

4

1987



شىنجاڭ مەدەنىيىتى      قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

36 - يىل نەشرى      1987 - يىل 4 - سان (ئومۇمىي 167 - سان)

## بۇ سانىدا

### ئەدەبىيات گۈلزارى

بۇ، چۈش ئەمەس ........ (ھېكايە). ........ توختى ئايۇپ 52

ئالەمنىڭ خىتابى ........ (نەسىر) ........ سېيىت زۇنۇن 2

شېئىرلار ۋە رۇبائىيلار ........ رەخىم قاسىم 12

چۈچۈك مىسرالار ........ (شېئىرلار) ........ غەيرەتجان غوپۇر 30

شائىر خىسلىتى ........ (« ») ........ ئىلھامجان ئابلىز 30

شائىرلارنى ھۆرمەتلەڭلار ئادەملەر ........ (« ») ........ ئابدۇكېرىم مەخسۇد 31

تەھرىرگە ........ (« ») ........ ھۈسەن روزى 31

قويۇپ بەر ئەركىمگە ........ (« ») ........ قېيۇم سوپى 50

يىغلايدۇ ........ (« ») ........ ئەرشىدىن راشىدىن 50

ئاشىقلار تىلى ........ (« ») ........ ياسىن ئىمىن 51

ياشلىققا ھېيداشلىق ........ (« ») ........ مۇھەممەد رەھىم 78

داغدا قالغان قىز ........ (« ») ........ مىرزاھىد كېرىمى 79

### مىللەتلەر

دۆلىتىمىزدىكى قازاق خەلقى ........ نىغمەت مىڭجانى 73

### تارىختىن سۆز

جاھالەت پەرلىرى شىنجاڭدا ........ (تارىخىي ئوبزور) ........ نىزامىدىن ھۈسەيىن 14

### ئۆرپ - ئادەتلەر

تۇرپان، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرى جەھەتتىكى مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان ........ ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا 32

مېھماننى يۇيۇندۇرۇپ كۈتۈۋېلىش ........ ئابدۇساتتار مۇھەممەد تەرجىمىسى 49

### سەھنە ماتېرىياللىرى

ناخشا تېكىستلىرى ........ ساتتار توختى 71

### تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى

مۇزىكا، كەيپىيات، سالامەتلىك ........ ئەھمەدجان بائىزى تەرجىمىسى 80

مۇقاۋىدا: ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، مۇتەپەككۇرى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ (ماي بوياق) ئابدۇكېرىم نەسىردىن سىزغان.

مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىسى رەھمىتۇللا بەگ (ماي بوياق) پەرھاد ئىبراھىم سىزغان. رەسسام ۋە خەتتات: ئىسمائىل ئىبراھىم، مۇختار ئابدۇراخمان

# ئالەمنىڭ خىتابى

(نەسر)

سېيىت زۇنۇن

1986 - يىل، 27 - ئاۋغۇست.چارشەنبە.

بۈيۈك قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ پايتەختى بولغىنىدىن بۇيان سەلتەنەتلىك نام، يۈكسەك شۆھرىتىنى نامايەن قىلىپ كېلىۋاتقان ئەزىزانە قەشقەر بۈگۈن ئادەتتىن تاشقىرى شادلىققا چۆمگەنىدى. كېرەمباغدىن قىزىلنىڭ كۆۋرۈكىگىچە، سەمەندىن دۆلەتباغقىچە ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان سېمونت يوللار، ئاسفالت يوللار قۇياش نۇرىدا ئەينەكتەك پارقىرايتتى. باغچىلاردا، ھېيتگاھ مەيدانىدا، ئىدارىلەر قورۇسىدا، بالكونلاردا، كوچىلارنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگارەڭ گۈللەر كۆزنى قاماشتۇراتتى. كوچىلارغا سايە تاشلاپ تۇرغان بۈكباراقسان دەرەخلەر مەيىن شامالدا يەڭگىل تەۋرىنەتتى.

توزدەك چىرايلىق ياسىنىشىپ، رەتلىك مېڭىشقان ئۇيغۇر قىز - يىگىتلىرى، بالىلار، بوۋاي - مومايلار، كادىرلار، ئىشچىلار، دېھقانلار، ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، شەھەر ئاھالىلىرى... گويا ھېيت كۈنىدەك شەھەر كوچىلىرىغا سىغماي قېلىشقانىدى. ئۇلار تۇش - تۇشتا — كوچىلارغا توغرىسىغا تارتىلىپ قويۇلغان چوڭ پىلاكاتلارنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە توختاپ، ئۇنىڭدىكى: «مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ قەشقەردە ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز» دېگەن چوڭ خەتلەرنى زوق - شوخ بىلەن تەكرار ئوقۇشاتتى. «چوڭ گەپ!»، «قالتىس ئىش!» دېيىـ



شىپ، خۇش تەبەسسۇم قىلىشاتتى؛ ئۆزئارا خەۋەر ئۇقۇشۇپ، يىغىن مەيدانىنى ئىزدەشەتتى. ھېيتگاھتىكى پىلاكاتنى كۆرۈۋاتقانلاردىن بادام دوپپىلىق بىر يىگىت سوراپ قالدى:

— يىغىن نەدە ئېچىلغاندەك؟

— قەشقەر مېھمانخانىسىدا ئېچىلىپتۇ. چۈشتىن ئىلگىرى ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىدا باشلانمىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەنىدى، چۈشتىن كېيىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرىنى ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا ئۇل سېلىش مۇراسىمى بولماقچى ... — دېدى كاستۇم - بۇرۇلكىلىق زىيالىي سۈپەت كىشى.

— ھوي، نېمىدېدىلە ئەپەندىم، ئالىمىمىزنىڭ قەبرىسى نېمە بوپتىكەن؟

— نېمە بولاتتى، ئاتالمىش ھېلىقى جاھان بۇزدى «ئىنقىلاب»تا ئىسيانچىلار بۇزۇۋەتمەمدۇ...

— تووۋا - تووۋا، نېمىدەيدۇ ماۋۇ ئەپەندىم، — دەپ ياقىسىنى تۇتتى يېڭىدىن توپقا قېتىلغان دېھقان سۈپەت، چاساقال بىر كىشى، — بۇ گەپچە ئىسيانچىلار مىڭ يىل بۇرۇن ئۆلگەن ئادەمنىمۇ گۆرىدە ئامانى خۇدا ياتقىلى قويماپتىكەن - دە! رەھمەتلىك بوۋىمىزنىڭ روھى نېمىدەپ قالغاندۇ.

— نېمىدەيتتى، — دېدى چىمەن دوپپىلىق بىرسى جاۋابەن، — ئىپلاس، قولۇڭنى تارت! مەن سېنىڭ بوغدىيىڭنى خام ئورىغىنىم يوق، تىنچ - ئامان ياتقىلى قوي، دەيدۇ - دە!

— ھا - ھا - ھا ... — ئەتراپتا مەسخىرىلىك كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ھېلىقى كىشىنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتى چاقنايتتى. ئۇ كۆپچىلىككە قوشۇلۇپ راسا كۈلدى ۋە، — ئۇ دەۋزىخىلارنى قىيامەت كۈنىمۇ پاراكەندىچىلىك سالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، — دېدى قىزىقچىلىق قىلىپ. ئەمدى بېسىقاي دەۋاتقان كۈلكە يېڭىباشتىن ئەۋجىگە چىقتى.

شۇ ئارىدا، ھېيتگاھ كۈللۈكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇنارغا ئورنىتىلغان سائەت «جاڭ - جاڭ» ئىككىنى سوقتى. بىرسى:

— ئەستاغپۇرۇللا، ئالىمنىڭ قەبرىگاھىغا ئۇل باسىدىغان ۋاقىت بوپقاپتۇ، يۈرۈڭلار — دېۋىدى، كۆپچىلىك گۈررىدە قەدىمىي قەبرىگاھ — پاينايتىكى ئالتۇنلۇققا سەلدەك ئاقتى.

جاھانشۇمۇل ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ — تەخمىنەن مىلادى 1018 — 1019 - يىللىرى بالاساغۇندا تۇغۇلۇپ، 1085 — 1086 - يىللىرى قەشقەر شەھىرىنى ئايلىنىپ ئاقىدىغان تۈمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش تۈگۈنىدىكى ئەسكەسار ① (ھازىرقى ئەسكەسار) دا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 462 - يىلى (مىلادى 1069 — 1070 - يىللار) بۈيۈك ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك» نى يېزىشقا باشلاپ، 18 ئايدا تاماملىغانىدى.

ئۆمۈر بويى ھەققانىيەت ئۈچۈن جان پىدا قىلغان، ئاچكۆزلۈك، ئەيشى - ئىشرەت، زۇلۇم - كۈلپەت، ئاھ - زارلىق يامراپ كەتكەن فېئوداللىق تۈزۈمدىكى قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ دۆلەت - جەمئىيەت باشقۇرۇش، ئىقتىساد، تەقسىمات، مەدەنىيەت، دىپلوماتىيە ... تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، نادان خەلقنى ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىپ، قالاق ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە دەۋەت قىلىش ئارزۇسىدا ساپال چىراغ تۈۋىدە مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ، كارامەت بۈيۈك قامۇس — قۇتادغۇ بىلىكنى يېزىپ قالدۇرغان مۇشۇنداق بىر كاتتا زاتنىڭ باقى ئالەمگە سەپەر قىلىشى خەلقنىڭ يۈرىكىنى ماتەم مۇسىبىتى بىلەن ئۆرتىۋەتتى. ئەل - جامائەت ئالىمغا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن ياقىلىرىنى يىرتىپ، سەللىلىرىنىڭ پەتلىسىنى چۈشۈرۈپ،

① ئەسكەسار - قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىچىدە.

قارىلىق باغلاپ زار - زار يىغلاشتى؛ شەھەرنىڭ شەرقىي - جەنۇبىدىكى «بارگاھ» دېگەن بوستانلىق يېنىغا دەپنە قىلىشتى، چىرايلىق قەبرە قاتۇردى، چۆرىسىگە تام قوپۇرۇپ، ئۈستىنى ياپتى، قەبرە قېشىغا مەسچىت، تىلاۋەتخانە، مۇنار، گۈمبەز ياساپ، دائىرىگە ئېلىپ، ھەيۋەتلىك دەرۋازا بېكىتتى.

ئارىدىن ئۇزاق زامانلار ئۆتتى. چىڭگىزخان قوشۇنلىرى قاراخانىلار خاندانلىقىنى يىمىرىپ تاشلاپ، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. فېئودالىق تۈزۈمنى تاكامۇللاشتۇردى، بارلىق مەدەنىيەتنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. ئالىم تىلاۋەتخانىدىكى داد - پەرياد، چىڭگىزخان ئۈستىدىن قىلىنغان قانلىق شىكايەتنى ئاڭلاپ قەبرىدىن سەكرەپ قوپۇپ كەتكۈدەك غەزەپكە كەلدى. تەڭرىگە زالىمنىڭ ئەدىپىنى بېرىشنى ئىلتىجا قىلدى؛ ئاۋام خەلقنى «تىلاۋەتخانە»دىن چىقىپ ياۋغا قارشى جەڭ قىلىشقا چاقىردى.

ئاخىر شۇنداق بولدى: قوزغىلاڭچى خەلق چىڭگىزخان ئىستىلاسىغا خاتىمە بېرىپ، يەكەندە سەئىدىيە خاندانلىقىنى ئورناتتى. بۇ خاندانلىقنىڭ تۇنجى پادىشاھى سۇلتان سەئىدخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، چىڭگىزخان ئىستىلاسى دەۋرىدە خاراب بولغان مەدەنىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى، راۋاجلاندۇردى. شۇ كۈنگىچە ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى ئىككى ياقتىن دەريا سۇلىرى يالاپ ۋەيران بولۇش خەۋپىگە دۇچ كېپقالغانىدى. سۇلتان سەئىدخان ئالىمنىڭ مازىرىنى بىخەتەر جاي — ئەسكىھسارنىڭ بىر كىلومېتىر شىمالىدىكى پايناپقا كۆچۈرۈپ، قەبرىسىنى كۆك گۈللۈك كاھىشلىق گۈمبەز ئىچىگە ئالدى، گۈمبەز ئەتراپىغا نەقىشلىك مەسچىت قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن مازار بىنا قىلدى. 1830 - يىلىدىن 1850 - يىلغىچە قەشقەردە ھاكىمبەگ بولغان زوھۇردىن ھاكىمبەگ بۇ مازارنى پەرۋىش قىلىپ، ئاسراپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. مەرىپەتپەرۋەر ئۇيغۇر خەلقى ئالىمنى ئۇنتۇمىدى. يېگىلى ئېشى، كىيگىلى كىيىمى قالمىغاندىمۇ ئامال قىلىپ، ئالىمنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ تۇردى، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ روھىغا خاتىرجەملىك تىلىدى. ئەڭ ئېسىل ھۈنەر-سەنئەت ئەمگەكلىرىنى تەقدىم قىلدى. يەر - زېمىنلىرىنى ۋەخپە قىلدى، مازار ئالدىغا كۆل، كۆل ئەتراپىغا باغ ياسىدى...

كېيىنكى ئەۋلادلار قانداق قىلدى؟

1850 - يىلىدىن ھېسابلىغاندا، ئارىدىن توپتوغرا بىر ئەسىر ئۆزدى. ئەنە شۇ يىللاردا كۆز ئاچقان بەزى ئەۋلادلار 15 — 20 ياشقا كىرە - كىرمەيلا ئەجدادلىرىغا مۇشت كۆتۈرۈپ چىقتى: يەڭلىرىنى شىمايلاپ «تۆت كونا» غا ئوت ئاچتى. شۇ قاتاردا ئالىمنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىكى گۈمبەزنىڭ مۇنارىنى ئارقان بىلەن تارتىپ غۇلىتىۋەتتى!

— چاق، چاقە! — دەپ ۋارقىرىشاتتى ئۇلار ئەسەبىيلىشىپ، — تۆت كونا دېگەن بۇنىڭدىن ئارتۇق بولمايدۇ! مىڭ يىلدىن بۇيان خەلقنى زەھەرلىگىنى ئاز كېلىپ، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا غادىيىپ تۇرغىنىنى قارىمامدىغان بۇ مۇتەھەمنىڭ...

ۋاراڭ - چۇرۇڭ، گۈلدۈر - غالاپ، تىل - ھاقارەت ئالىمنى ئۇيقىدىن ئويغاتتى. ئۇ دەرغەزەپتىن توۋلىۋەتتى:

— ھەي، مەلئۇنلار، 20 - ئەسىرنىڭ ئاسىيلىرى، ياۋا تۇڭگۇزنىڭ ياللانما كۈچۈكلىرى، سەنلەرگە لەنەت! سەندەك ئەۋلادقا مىڭ لەنەت!!

ئالىم بار ئاۋازى بىلەن نالە قىلدى:

بىلمەسمىز بىلىملىككە بولدى يېغى،
نادانلار ئالىمغا قارشى ھەر چېغى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شېرىدەك ھۆركىرە-

گەن ئاۋازى دەھشەتلىك گۈلدۈرمامىدەك قەشقەر ئاسمىنىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. ھايت-ھۇيت دېگىچە مىڭلىغان ئەزىمەتلەر ئاۋاز چىققان يەرگە پەيدا بولدى.

— مەلئۇن، قولۇڭنى تارت! — دەپ ۋارقىراشتى ئۇلار ئىسيانچىلارنى قورشىۋېلىپ،— ئالىمنىڭ مازىرىنى چېقىشقا ھېچكىمنىڭ چىشى پاتمايدۇ! بىلىپ قويۇش، ئالىم — خەلقىنىڭ ئاتىسى، ئۇ سەن بىلەن بىزنىڭ ئۇلۇغ ئەجدادىمىز. بالا ئاتىنى ئۇرغان نەدە بار؟ ئۇ سەن بىلەن بىزگە ئاتاپ بىر سەلتەنەتلىك كىتاب — «قۇتادغۇ بىلىك»نى قالدۇردى. ئۇمۇ جىنايەتمىكەن؟! تىرىكلەرنىڭمۇ ئاللا تۇۋدىسىنى بېردىشىڭ، ئەمدى ئۆلۈكلەرگە نېمە بوپتۇ؟! ئۇيات!...

— بە... بىز... بە... بىلمەپتۇق. بىز ئەمدى...

بىر بۆلۈك ياشلار دۇدۇقلاپ قېلىشتى-دە، قوللىرىدىكى ئارقان، لوم تۆمۈرلەرنى تاشلىۋېتىپ، ئىسيانچىلاردىن ئايرىلىپ چىقىشتى. ئەلۋەتتە، ئاز بىر قىسىم تەلۋىلەر ھېلىمۇ ئالىمنىڭ مازىرىغا چىلبۆرىدەك ئېتىلىپ تۇراتتى. كېيىن كېلىپ زوكۇنلاشقۇچىلار ئامالسىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا توغرا يېتىۋېلىپ، «ئۇنداقتا بىزلەرنىمۇ ئالىمىمىزنىڭ دەرگاھىغا ئۇزات، بۇنىڭسىز مازارنى بۇزۇشالمايسەن» دېيىشتى. شۇئان قاياقتىندۇر ھەيۋەتلىك كۈلكە ياڭرىدى:

— ھا-ھا-ھا... ھى-ھى-ھى...

كىشىلەر تېڭىرقاپ قېلىشتى. چۈنكى بۇ كۈلكە يەر ئاستىدىن چىقىۋاتاتتى.. بىر دەقىقە ئۆتمەي كۈلكە يېقىملىققىنا سۆزگە ئۆزگەردى:

— سىلەرگە كۆپ رەھمەت ئاقكۆڭۈل، ساپ ۋىجدانلىق ئەۋلادلىرىم. سىلەر ئاۋۇ ئالدانغان كۆزى كور، كاللىسى قۇرۇق، نادان مەخلۇقلارنى توسۇپ قالدىڭلار. ئۇھ، ئەمدى مەن ياتاي، سىلەرگە تەڭرى بەخت ئاتا قىلغاي!

بۇ — يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاۋازى ئىدى. كىشىلەر «ياپىرىم» دېيىشىپ، دۇئا-تەگبىر قىلىشتى. ھېلىقى تەرسالار چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىشىپ، «خەپ، توختاپ تۇر» دېيىشكىنىچە قارا ئۇۋىسىغا — ئىسيانچىلار قوماندانلىق شتابىغا قاراپ تىكىۋېتىشتى.

ھۇقۇش تۈن قاراڭغۇسىدا چىللايدۇ. ھەر ئۈششۈك تەككەندە چېقىۋالىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ھېلىقى تەلۋىلەر جاھان تازا مالىماتاڭلىشىپ، ئىچكى نىزا پەللىگە چىققان، ھەر كىم ئۆز جېنى، ئۆز كۈنى غېمىدە سەرسان يۈرگەن 1973-يىلىنىڭ كۈز پەسلىگە كەلگەندە، بىر بۆلۈك ئازغۇنلارنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ، ئالىمنىڭ مازىرىنى يەر يۈزىدىن يۇلۇپ تاشلاشتى؛ بىر قىسىم نادانلار ئۇنىڭ كاھىشلىرىنى تامنىڭ ئۇلىغا، يوللارغا بېسىشتى، چۆگۈن، ئىمۇرىقلارنىڭ ئاستىغا قويۇشتى.. ئالىم زار قاقشاپ، ھەسرەت-نادامەت ئوتىدا ئۆرتىنىپ، ھالسىزلىنىپ بارا-بارا ئۇخلاپ قالدى.

ئۇ ھەيرانىدى: «توۋا، — دەيتتى ئۇ، — مەن ئۇ تەنتەكلەردىن توپتوغرا 892 يىل مۇقەددەم ياشىغانىدىم. ھالا بۇ كۈنگە كەلگەندە، ئۇلار ماڭىمۇ چېقىلىشتى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ توغرا، ئەمدى چۈشەندىمكى، ئۇلار مەدەنىيەتنى خاراب قىلغۇچىلار، مەرىپەت مەشئىلىنى ئۆچۈرگۈچىلەر. ئۇلار يەر يۈزىدىكى بارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىنى، مەرىپەت چىرىقىنى ياققۇچىلارنى خاراب قىلىشتىمۇ! يەر يۈزىدىكى تۈگىگەندە يەر ئاستىغا ئۆتمەي قانداق قىلاتتى؟ ياق، مەن بىلىمەن، ئۇلار مازىرىمنى چېقىۋەتكىنى بىلەن پاك روھىمنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. ھازىر نېمىسلار، تۈركلەر، رۇسلار، ئىتالىيانلار، ئېنگلىزلار، ئەرەبلەر، فارسلار، ئۇردۇلار مېنى قەدىرلەپ، ئۇلۇغلاپ، كىتابىمنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈۋاتىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قان-تېرىم ئاققان بۇ قەدىمىي دىيارىمدىمۇ شۇنداق بولىدۇ.»

كىشىلەر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەققىدە ئەنە شۇنداق پاراڭلارنى سېلىشقاچ، پايناپقا يېتىپ كېلىشتى. بۇ چاغدا، ئالىمنىڭ قەدىمىي قەبرى-

كاھى ئادەم دېڭىزغا ئايلانغانىدى. تۇنۇردەك قىزىق تومۇز ئاپتىپى ھەر بىر قەلب يالقۇنىنى تېخىمۇ يالقۇنجىتىۋەتكەنىدى. ياڭراق ناغرا - سۇناي ساداسى ئىچىدە «ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا ئۇل سېلىش مۇراسىمى» تەنتەنىلىك باشلاندى. ئارقىدىن لېنتا كېسىلدى. تۆت مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئاتەشتەك تاۋار لېنتىنىڭ ئىككى پارچە بولۇش بىلەن تەڭ كەتمەن، گۈرجەكلەر تەڭ ئىشقا سېلىنىپ، ئالىمنىڭ ئەسلى مەقبەرىسى ئورۇنلاشقان جايغا ئورنىتىلغان تاش ئابىدىنىڭ تۈۋىگە ئۇل بېسىش توپىسى تاشلاندى. ھەر بىر جان بىر كۆرەكتىن ئۇل توپىسى تاشلىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. بۇ چاغدا، مىڭلىغان يۈرەكلەر ھاياجاندىن پىلتىڭلاپ كەتتى، ناغرا - سۇناي ئەۋجىگە چىقتى.

شۇئان، تاش ئابىدىنىڭ ئۇدۇلىدىن كۈننى ئىجىل قىلغۇدەك بىر خىل پارقىراق نۇر تىك كۆتۈرۈلۈپ، «ۋال - ۋۇل» چاقنىدى - دە، بارا - بارا ئادەم سىياقىغا كىردى. بېشىغا ئەپچىل سەللە ئورىغان، ئۇچىسىغا ساغۇش يىپەك رەختتىن تون كىيگەن، كەككە ساقال، ئېگىز بويلۇق، ئورۇقراق كەلگەن بۇ زاتنى كۆپچىلىك كۆرۈپلا تونىدى:

— ئەسسالام بوۋا!

— ئەسسالام يۈسۈپ خاس ھاجىپ بوۋا!

— ئەسسالام ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسچىسى، سەردارى، ئىسلاھات پېشىۋاسى، ئىلىمۇ - ئىرپان ئورۇقىنى چاچقۇچى، مەرىپەت تارقاتقۇچى يۈسۈپ بوۋا!

ھەممە قول باغلاپ سالام بەردى، ئالقىش ياڭراتتى. مىڭلىغان جۈپ كۆزلەر ھاياجان ئىلكىدە چاقنايتتى. ئالىم شانلىق كىتابى «قۇتادغۇبىلىك» نى ئىككى قوللاپ، كۆكسىگە تاڭغىنىچە لەرزان پەساپ يەرگە مەزمۇت ئاياغ باستى. ئاندىن خۇش تەبەسسۇم ئىچىرە ئەل - جامائەتنىڭ سالامىنى ئىلىك ئالدى. شۇ چاغ بىر قىز، بىر ئوغۇل بالا ئالىمنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى - دە، ئاۋۋال پېشىۋانىرچە سالام بەردى، ئاندىن قوللىرىدىكى گۈلدەستىلىرىنى سۇندى.

بىر زامانلاردا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياتقان مەقبەرە ئالدىدا چوڭ كۆل، كۆل چۆرىسىدە گۈل، ئېرىسىدا ئامۇتلۇق باغ بار ئىدى. ئالىمنىڭ روھى بامداتتىن كېيىن گۈللۈك باغنى سەيلە قىلىپ، گۈل ھىدلىرىدىن ۋە گۈل ئىشقىدا خەندان ئورۇۋاتقان بۇلبۇل ناۋاسىدىن پەيزى سۈرەتتى. ئەپسۇس، قاچاندۇر بىر چاغدا، بۇ گۈللۈكلەر، بۇ باغلار چەيلىۋېتىلگەندىن بۇيان ئالىمنىڭ ئۆز ھۇجرىسىدا گۈل كۆرۈشى بۈگۈن بولىناچ، ئۇ ئۆسكىلەڭ ئاپئاق قاشلىرى ئاستىدىكى قۇندۇزدەك قاپقارا كۆزلىرىگە ھاياجان يېشى ئالغان ھالدا، ئۇماق قوللاردىن گۈلدەستىلەرنى ئاۋايلاپ ئالدى ۋە قويۇق بۇرۇتلىرى ئۈستىدىكى ئىلمىيتەك قاشلىرىغا يېقىن تۇتۇپ، توبىماي پۇرىدى. گۈل پۇرىقى ئالىمنىڭ سولغان روھىغا قۇۋۋەت جاسارەت بەخش ئەتتى. ئۇ مىيىغىدا بىرنى كۈلدى ۋە گۈلدەستىنى ئەتىۋالاپ سەللىسىگە تاجدەك قاداپ قويدى؛ ئاندىن بالىلارنىڭ بوشىغان قوللىرىغا «قۇتادغۇ بىلىك» كىتابىنى تۇتقۇزدى. بالىلار «ھەشقاللا» دەپ ئېلىپ، مەسۇم كۆزلىرىگە سۈرتتى، باغرىغا باستى. كىتابنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دوستلىرىغا قاراپ قوڭغۇراقتەك زىل ۋە لېكىن جاراڭلىق ئاۋازدا دېدى:

بوۋام قىلدى بىزگە ئېسىل سوۋغات،
لېكىن ئۇ، ئەمەستۇر لالە - ياقۇت.
ئوقۇسا ھەركىم ئالۇر ئۇنىڭدىن،
تالاي - تالاي بىلىم ھەم بەخت - قۇت.

بۈگۈنكى مەرىكىگە ئىشتىراك قىلغانلار ئىچىدە ئاقارتقۇچى باغۋەنلەر، ئاقارغۇچى بوغۇنلار ھەممىدىن جىق ئىدى. ئۇلار قاشنى بۈسكەن قىياندەك سەپنى يېرىپ، ئالدىغا ئېتىلىشتى.

ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار بەس - بەستە يۈسۈپ بوۋىنىڭ مۇبارەك قوللىرىغا سۆيەتتى، كېيىملىرىنى كۆزلىرىگە سۈرتۈپ، تاۋاپ قىلاتتى. ئالىمنىڭ دىلى يايراپ، كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

كېيىپ كېپەن، مىنىپ ياغاچ ئاتقا،
ماڭغىنىمدىن سۆڭ باقى ئالەمگە.
دىيارىمدا بولدى زاھىر بۈگۈن،
ھەممە ھۆرمەت - ئىكرام ئىلىم - پەنگە.

دېدى - دە، قۇچاق ئېچىپ، ئۆسمۈرلەرنى باغرىغا ئالدى، بىر - بىرلەپ باشلىرىنى سىلاپ قويدى. ئالىمنىڭ قولى تەگكەن باشلار يالتىراپ، ھەر بىر تەندە بۆلەكچە ھارارەت ئۇرغۇدى. ئالىم ئاۋۋال ئوقۇتقۇچىلارغا قاراپ دېدى:

— ئى، باغۋەنلىرىم، ئىشتىڭلاركى، بىزنىڭ قەشقەرىمىز قاراخانىلارنىڭ پايتەختى بولۇپ تۇرغان ئەينى زامانلاردا، «ساجىيە ئى مەدرىسە»، «مۇھەممەدىيە مەدرىسە» قاتارلىق ئىككىلا بىلىم تەھسىلخانا بار ئىدى. «ساجىيە ئى مەدرىسە» ھۇزۇرىدا «سائادەت» كۈتۈپخانىسى قۇرۇلغان. ئۇل زاماندا كىشىلەر ئوقۇي دېسىمۇ مەكتەپ قىسىلىقىدىن ئوقۇيالمايتتى، مۇدەررىسلەرمۇ كەم ئىدى. ھالا بۈگۈن، روھىم كۆرۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ يۇرتتا يۈزلەپ - مىڭلاپ بىلىم تەھسىلخانا قۇرۇلۇپ، تۈمەن - تۈمەن ئەۋلادنى ئاقارتتى. سىلەرگە نەسىھەتىم شۇلكى:

ئوغۇل - قىزغا ئۆگەت بىلىم ھەم ئەدەپ،
بېرۇر بۇ ئاڭا ئىككى دۇنيادا نەپ.

ئالىم بۇ نەزمىدىن كېيىن داۋام قىلدى:

— ئى، تىلى شەربەت، دىلى مۇربەت ئەزىزلىرىم، مەن سىلەردەك مۇنچە كۆپ شاگىرتلىرىمنىڭ بولغانلىقىدىن ئاجايىپ پەخىرلەنمەكتىمەن. ئى يارەنلىرىم، ئەمدى قەبرەمدە خاتىرجەم ياتقايمەن. ئامىن، تەڭرى ئەجرىڭلار ئۈچۈن ئىككىلا ئالەم يۈزۈڭلارنى يورۇق، يولۇڭلارنى ئوچۇق قىلغاي.

ئالىم كېيىنى ئەمدى ئۈزۈۋېدى، ئوقۇتقۇچىلار:

— بوۋا، خاتىرجەم يېتىڭ، بىز ئۈمىدىڭىزنى ئاقلىماي قويمايمىز، «قۇتادغۇبىلىك» نى مەدەنىيەت مىزانى قىلىپ، ئەۋلادلىرىمىزنى ئىلىم - مەرىپەتكە، ئەخلاق - پەزىلەتكە باشلايمىز! — دەپ ۋەدىلەر بېرىشتى.●

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «دېگىنىڭلاردەك بولغاي» دېدى - دە، نۇرلۇق جامالىنى قىزىل گالستۇكلۇق كىچىك بوغۇنلار تەرەپكە يۆتكىدى. ئۇ قويۇن يانچۇقىدىن بىر سىقىم قەغەزنى ئېلىپ ئۇلارغا تارقىتىپ بەردى. قەغەزگە مۇنۇلار پۈتۈلگەنىدى:

بىلىمنى بۈيۈك بىل، ئوقۇشنى ئۇلۇغ،
ئۇ ئىككى يۈكسەلتۈر قۇلنىمۇ تولۇق.

جاھاندا نېمە بار بىلىمدىن قىممەت،
بىلىمسىز دېسە ئەر ئۆچۈن بەكمۇ سەت.

كىشىنى ئۆگىنىش بىرلە ئالىم بولۇر،
بىلىم بىلسە بارچە ئىشلار ئوڭلىنۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى بۇ نەزمىلەر ئوقۇغۇچىلارغا تولىمۇ يېقىپ كەتكەنىدى. ئۇلار قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چۇرقىراشتى:

— يۈسۈپ بوۋا، ئەۋلادلىرىڭىزغا زامان - زامان تەسەررۇپ قىلسىمۇ تۈگىمىگۈدەك بىر ئىلىمىي ئابىدە قالدۇردىڭىز. سىز يەنە:

بويۇم ئەردى ئوقتەك، كۆڭۈل ئەردى يا،
كۆڭۈلنى قىلغۇچە ئوق، بويۇم بولدى يا.

دېگەن بىر ھېكمەتلىك سۆز ھەدىيە قىلدىڭىز. بۇ، بىزگە ياشلىقنىڭ نەقەدەر گۈزەل چاغ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قەدرى - قىممىتىگە يەتمىگەندە بىر ئۆمۈر ھەسرەت چېكىدىغانلىقىنى تونۇتتى. بىز ياش - ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىمىزنى غەنىيمەت بىلىپ، سىز بوۋىمىزغا ئوخشاش ئىلىم - بىلىم، ئادالەت، بەخت - سائادەت يولىدا ھارماي - تالماي جان پىدا قىلىمىز.

—يارايسىلەر، ئەزىمەتلەر، شۇندىلا ئوچۇق كۆزۈم يۇمۇلۇر،— ئالىم خۇش تەبەسسۇم ئەيلىدى. ئاندىن توپنى يېرىپ ئۆتۈپ، يىغىنغا كەلگەن ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، يازغۇچى-شائىرلار ئارىسىغا باردى. يۈسۈپ بوۋىنى كۈتۈپ تاقىتى تاق بولغان بۇ مەرىپەتچىلەر سەپراس بولۇپ، ئىززەت-ئىكرام بىلەن:

—بىر ئۇستاز، «قۇتادغۇبىلىك» نى ھەر بىر ئوقۇغىنىمىزدا جانابىي ئىكراملىرىنى ھۆرمەت بىلەن ياد ئەتتۇق. بۈگۈن بۇ يەرگە جەم بولغىنىمىزغا قەۋەت خۇشالمىز. ئىككى كەلىمە نەزمە ئوقۇپ بەرگەيلا،— دېيىشتى.

ئالىم بۇ تەلەپچان كۆزلەرگە بىر ھازا ئۈمىدلىك نەزەرى بىلەن باقاندىن كېيىن ئوقۇدى:

بىلىم بايلىق ئول، گادايلاشمايدىغان،
قاراقچى ۋە ئوغرى ئالالمايدىغان.

ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر.

پۈتۈن ياخشىلىقلار ئىلىم نەپىنى ئول.
بىلىم بىرلە تاپتى مىسال كۆككە يول.

ئۇ نەزمىدىن كېيىن تەنتەنە بىلەن جاكارلىدى:

—ئەي جانابلار،— دېدى ئۇ ياڭراق ئاۋازدا،— «قۇتادغۇبىلىك» نى يېڭىلاپ ئەۋلادلىرىم بىلەن ئۇچراشتۇردىڭلار، نەزمىلىرىمنى شەرھىلەپ، ئۇنىڭغا يېڭىباشتىن جان كىرگۈزدىڭلار، سىلەر پەقىر كەبى ئەجدادلارنىڭ ئەڭ ئېسىل، ئەڭ سادىق ۋارىسلىرى، ئۈمىدىمىزنىڭ ئاقلىغۇچىلىرى، بىز ئۇ ئالەمدە ياشاۋاتقانلار سىلەرگە ئاپىرىن ئوقۇيمىز!

سۆز مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كۆپچىلىك قەلبىدە دېڭىزدەك دولقۇنلاۋاتقان ھاياجاننى باسالماي، گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بېرىشتى. شۇ تاپتا، باشلىرىغا چىمەن دوپپا، ئۇچىسىغا كاستۇم-بۇرۇلكا كېيىپ، بوينۇنلىرىغا گالستۇك تاقىۋېلىشقان بۇ ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قاش-كۆزلىرى ئويناپ، چىرايلىرى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەر بىر ئالىم، ھەر بىر مۇتەخەسسىس، ھەر بىر ئەدىبنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ قەلەم تۇتقان قولىنى سىلاپ قويدى؛ بىلىم-ئىقتىدار، ئەخلاق-پەزىلەت، ئىختىراسىغا، ياش-قۇرامىغا بېقىپ ئارزۇ-تىلەكلىرىنى بايان ئەتتى. ئۇ مۇنداق دېدى:

—ھەر ۋاقىت ئۇنتۇماڭلاركى:

كىشى كۆڭلى تۇۋىسىز دېڭىزدەك ئېرۇر،
بىلىم ئۈنچە ئوخشاش تۇۋىدە ياتۇر.

دېڭىزدىن چىقارمىسا ئۈنچە كىشى،
قالۇر پەرقسىز بولۇپ ئۈنچە ساي تېشى.

گەر ئالىم ئىلمىنى چىقارمىسا تىل،
يورۇتماس ئۇنىڭ ئىلمى ياتسىمۇ يىل.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن بىر خىل مۇڭلۇق خۇش رىتىم تارقىلىپ تۇردى، كۆز قارىچۇقىدىن بالقىغان نۇر ھەر بىر قەلبىنى چۇلغايتتى. ئالىم ئاپئاق كەككە ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

—ئەي يارەنلەر، قۇلاق سېلىڭلار، ئاراڭلاردا «تارىخىمىز ئۇزۇن، مەدەنىيىتىمىز كونا، مۇندىن كۆپ ئەسىرلەر بۇرۇن قاراخانىلار، سەئىدىيەدەك كاتتا خاندانلىقلار، دۇنيانىڭ يېرىمىنى سورىغان ئاجايىپ سەركەردىلەر؛ شەيخ ئىمام زاھىد ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ قەشقىرى①، يۈسۈپ، مەھمۇد قەشقىرى، ناۋايى، ئابدۇرەشىدخان، قىدىرخان، ئامانىساخان قاتارلىق ئالەمشۇ-

① قاراخانىلار دەۋرىدە ئۆتكەن كاتتا ئۆلىما ئالىم.

مول ئالىملىرىمىز، شائىر - مۇزىكانتلىرىمىز ئۆتكەن. بىزدىن ئۇلۇغ مىللەت يوق» دېيىشىپ كۆكرىكىنى دومبايتىۋالغانلار ۋە بۇ قارىشىنى ئەۋلادلارغا سىڭدۈرۈۋاتقانلار كۆپىيىپ قالدى. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، مەن كەبى ئەجدادلار ئۇزاق يىللار بۇرۇنقى ئۆتمۈشكە مەنسۇپ، ئەسەرلىرىمىز شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى. ئۇ پەقەت تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى بولالايدۇكى، ھەرگىز بۈگۈنكى زامانىۋى ئالەمگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. كەلگۈسىگە تېخىمۇ ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. مەن ئارزۇ قىلغان غايىۋى دۇنيا بۇ ئەلدە ئەمەلدە كۆرسىتىلدى. ئەمدىكى گەپ، چىدام - شىجائەت، ئىجتىھات بىلەن ئىلىم - بىلىم، پەن - تېخنىكا ئۆگىنىش، ئىگىلەش، ئىختىرا قىلىش، ئىجاد قىلىش! شۇندىلا، ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدا ئولتۇرغىلى بولىدۇ. بۇنداق مىللەت مەھكۇم بولمايدۇ، خارلانمايدۇ! كىمكى، بۇ نەسىھىتىمنى ئاڭلىمايدىكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە دەرگاھىمىزغا بارغاندا ئارىمىزغا ئالمايمىز. سۆزۈمنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇراي!

بىلىملىككە سۆزلىدىم مەن بۇ سۆزۈم،
بىلىمسىز تىلىنى بىلمەيمەن ئۆزۈم.

خۇش، ئامان بولۇڭلار، سىلەرگە ئىككىلا دۇنيا
تالاي بەخت - سائادەت يار بولغاي.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، يازغۇچى-شائىرلار ئارىسىدا بولغاندا، پارتىيە - ھۆكۈمەت ئەربابلىرى ئۇلارنىڭ سۆزىگە سەمە بولغانىدى. ئالىم ئۇلارنىڭ مەرىپەتنى سۆيۈپ، «قۇتادغۇ بىلىك» شەرىپىگە بۇ يىغىننى ئۇيۇشتۇرغانلىقىغا، يىغىندا ئۆزىگە ۋە كىتابىغا يۈكسەك باھالار بەرگەنلىكىگە ئاپىرىن ئېيتتى، ئالىملارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنۇ نەزمىنى ئوقۇدى!

يەنە بىر گۇرۇھ ئۇ ئالىملار ئېرۇر،
ئۇلار ئىلمى خەلقنىڭ يولىن يورۇتۇر.

ئۇلاردىن كېرەكى ساڭا ئىلمىدۇر،
يېتەكلەپ، ساڭا ھەق يولىن كۆرسىتۇر.

قاتتىق سۆي ئۇلارنى، قەدىرلە سۆزىن،
تولا ياكى ئازدۇر ئۆگەن بىلگىنىن.

ھۆكۈمەت ئەربابلىرى باشلىرىنى ئىختىيارسىز لىڭشىتىپ، «ھەق راست» دېيىشتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ سورىدى:

—ئەي سەركەردىلەر، ئېيتىڭلارچۇ، يۇرتنى قانداق سورىغۇلۇق؟

—ئەدلى- ئادىللىق بىلەن.

—جايىدا،—يۈسۈپ خاس ھاجىپ قېشىنى لىڭكىدا كۆتۈرۈپ، كۈلۈمسىرىدى،— جاۋابىڭلار توغرا. ئەدلى- ئادىل بولماقنىڭ شەرتلىرى نېمىدۇر؟ مانا بۇلار:

گۈزەل بولمىسا بەگدە خۇي، سۆز ۋە تىل،
ئۇ ئەلدە تۇرالماي قاچۇر بەخت، بىل.

خەلق قوي كەبىدۇر بېگىدۇر چوپان،
چوپان بولماق كېرەك قويغا مېھرىبان.

جاھان بەگلىرىدىن كىم ئالىم ئىكەن،
ئۇلار ياخشى قانۇن تۈزۈپ ئۆرلىگەن.

ئادىل قانۇن ئۇ كۆككە تۈۋرۈك ئېرۇر،
بۇزۇلسا قانۇن ئاسمان يىقىلۇر.

—قالتىس،— دېيىشتى ئەربابلار،— يۈسۈپ بوۋىمىز قالتىس يىراقنى كۆرەردىكەن. بىزنىڭ مۇشۇ كۈندە قىلىۋاتقىنىمىز دەل ئۇنىڭ ئۈممىدىدىكى ئىشلارغۇ.

—ئۇنداق ئەمەس، بىلسەڭلار ئەزىزلىرىم، مېنىڭ دېگەنلىرىم، سىلەرنىڭ قىلىۋاتقىنىڭلار زامانىنىڭ تەقەززاسى، خەلقنىڭ ئېھتىياجى. ئادىللىق، دىيانەتلىك، مېھرىبانلىق، كەمبەغەلنى باي قىلماق، قانۇن. مانا بۇلار يۇرت سوراشنىڭ مىزانى. ئەمما، بۇ مىزاننى تۈزۈش، ئۇنى ئەمەلدە كۆرسەتمەك ئاسان ئەمەستۇر. ئىشتىڭلار:

بولۇر تېز قىلىچ بىرلە يۇرت ئالغىلى،
قەلەمسىز مۇمكىن بولماس ئەل تۇتقىلى.

بىلىمسىزگە كەلسە دۆلەت بىلەن قۇت،
پۈتۈن خەلق بۇزۇلۇر، بولۇر ئەلگە جۇت.

كېرەك ئەرگە قولداش ۋە ياردەمچىلەر،
ئەقىللىق، بىلىملىك دانا ئەلچىلەر.

مېنىڭ دەيدىغانلىرىم ئەنە شۇ. ئالىم شۇ گەپتىن كېيىن، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەتراپقا بىر قۇر كۆز تىكتى-دە، سورىدى:

— ئاراڭلاردا سودا - سېتىقچى، سانائەتچى-تىجارەتچى، ھۈنەرۋەن- كاسىپلار بارمۇ؟

— بار، تەخسىر...

بىر بۆلۈك كىشىلەر گۇررىدە يانغا ئۆتۈشتى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈردى.

— سىلەر، — دېدى ئۇ مەمنۇنلۇق بىلەن، — دۆلەتكە بايلىق، خەلققە ساخاۋەت يەتكۈزگۈچىلەر. مەن بىلىپ ياتتىمكى، يېقىندا مېنىڭ مەقبەرەمنى ياساشقا نۇرغۇن پۇل ۋەخپە قىلىدىڭلار. تەڭرى سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي.

ئۇ دېمەكچى بولغانلىرىنى مۇنۇ نەزمە بىلەن ئاخىرلاشتۇردى:

يېتىمپەن تىلەككە، تېپىپ ياخشى يول،
ئاڭا ياخشىلىقلا پايدىلىق بول.

تېپىپ، بەخت، كۆپەيسۇن دېسە مال-توۋار،
كۆزى توق، پەيلى ئۆز بولسۇن خەزىنىدار.

ئىنچىكە ۋە تۈز يول تۇتاي مەن دېسەڭ،
ئى پاك دىل، بولۇر گالغا ھالال يېسەڭ.

ئالىم نەزمە ئوقۇۋاتقاندا، توپ ئارقىسىدىن بىرسىنىڭ خىرقىراق ۋە لېكىن قوپال ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. ئارقىدىن بىر نەرسىنى ئۇرغاندەك تاراق شەپىسى كەلدى. ئالىم ئارقىسىغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ كۆردىكى، تومۇز ئىسسىقىغا قارىماي بېشىغا ھەم قېلىن ھەم توگرا كۆلا كىيىپ ئۈستىگە قازاندەك سەللە ئورىغان، ئۇچىسىغا يەكتەك، پۇتىغا مەسە كالاچ كىيگەن ئاقساقال بىرسى كىچىككىنە بىر ئېشەكنى قىرغا تارتىپ مىنىۋاتاتتى. ئېگىسىنى كۆتۈرەلمەي مۇدۇرۇۋاتقان ئېشەكنى دەم قاغاپ، دەم ئۇراتتى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ قاقاقلاپ كۈلدى، كېيىن قاشلىرىنى يېمىرىپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. ئۇنىڭ غەزەبلىنىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. كىشىلەر «ئىشان خەلپىتىم» دەپ ئاتايدىغان ھېلىقى كىشى ئېشەكتىن چۈشۈپ، ئالىم ئالدىدا بىپەرۋاغىنە قاراپ تۇردى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ قېشىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ، ئوتلۇق كۆزىنى ئۇنىڭغا تىكتى - دە، سورىدى:

— ئەي ئىشان خەلپىتىم، ئېشەكنى بىز 900 يىل مۇقەددەم مىنگەنىدۇق. ئەپسۇس، بۈگۈنكى ماشىنىلاشقان دۇنيادىمۇ ئۇنى سۆرەپ يۈرۈيلىغۇ؟

— ئىنشائاللا، تەخسىر، دۇنيادا بۇ جانىۋاردىن ئەزىز، پاك، ھەمنەپەس نەرسە يوقتۇر.

— موتسىكىلىت، ماشىنا، ئايروپىلان، پاراخوتلارچۇ؟

— ئۇ... ئۇ...

— ئىشان خەلپىتىم «ئۇنەرسىلەرنى كاپىرلار ياسايدۇ. ئۇنىڭدا ئولتۇرۇش دۇرۇس ئەمەس» دەپ قارايدۇ، — دېيىشتى ئەتراپتىكىلەر ئىمزاھات بېرىپ.

— ھەي - ھەي، نادانلىق، مۇتەئەسسىپلىك! — دەپ قولىنى شىلتىدى يۇسۇپ خاس ھاجىپ، — مەن شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ھەر جۇمە كۈنى سەپداشلىرىم بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ، مەككە - مۇكەررەمەدە جۇمە نامىزى ئوقۇيمەن، مەدىنە مۇنەۋۋەرنى سەيلە قىلىمەن. ئۇ يەرلەر ئىسلامىيەتنىڭ مەركىزى ئىكەنلىكى سى-

لەرگە ئايان. بىز دەسلەپ بارغىنىمىزدا بۇ ئۇلۇغ دىياردىمۇ كىشىلەر تۆگە، ئېشەككە مىنىپ، قۇم - دەشتىلەرنى كېزىپ سەپەر قىلاتتى. ھالا بۈگۈن ئۇلار يەر ئاستىدىن يەر يېغىنى ئالدى، ئۇنى سېتىپ ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيىلەردىن ئايروپىلان، ئاپتوموبىل، زامانىۋى ماشىنا-ئۈسكۈنە سېتىۋالدى. زاۋۇت قۇرۇپ ئېسىل نەرسىلەرنى ياسىدى. ھازىر، سەئۇدىلىقلار تۆگە، ئېشەك مىنمەيدۇ، ئاسماندا غارقىراپ ئۇچۇشىدۇ؛ ئۆيلىرىدە ناھايىتى ئېسىل پىكاپلار، ئۆي جابدۇقلىرى ۋە چەتئەلدە بىلىم تەھسىل قىلىپ كەلگەن ئالىي مەلۇماتلىق ئوغۇل - قىزلىرى بار. بۇ تەرەققىيات مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشكۇلىنى كۆپتىن كۆپ ئاسانلاتتى. ھالبۇكى، بىزنىڭ بۇ دىياردا يەنىلا ئېشەكنى قىرغا تارتىپ مىنىمەك! بۇنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى شۇلدۇركى، ئىشان خەلپىتىمدەك نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ غاپىللىق ئۇيقۇسىدىن ئويغانمىغانلىقىدا. ئۇلار تېخى بۇنى ئاز دەپ، شاگىرتلىرىغا، ياشلارغا تەركىي-دۇنيالىقنى، شۈكرى - تاقەتنى تەرغىپ قىلىۋاتىدۇ؛ ئۇنىمۇ ھارام، بۇنىمۇ ھارام، ئۇنى قىلساڭمۇ يامان بولىدۇ، بۇنى قىلساڭمۇ يامان بولىدۇ، دەۋاتىدۇ. ئۇلار ئىسلام قائىدىلىرى بىلەن ئۆرپ - ئادەتنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى، ھەممىنى بىر قېلىپقا سالدى؛ دىنىي ئەقىدە، دىنىي ئېتىقادنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇۋالدى؛ ئىلىم-پەننى تەرغىپ قىلغان ئۆلىمالارنى «جەدىت» دەپ قاغاشتى. بىلىش كېرەككى، مۇنداق نادان، مۇتەئەسسىپ ئادەملەر قانچە كۆپەيسە، يۇرت-خەلق شۇنچە تېز خاراپ بولىدۇ - دە، داشقىلارنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ قالىدۇ. ئى مۆمىنلەردىم، غاپىل بولماڭلار، كۆزۈڭلارنى چوڭ ئېچىپ ئەتراپىقا قاراڭلار، ھازىر بەزى چەتئەللىكلەر، بۇ قەدىمىي دىيارغا كېلىپ، سىلەرنىڭ تېخىچە ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىڭلارنى تاماشا قىلماقتا! ئەۋرىشكە ئەپ كېتىپ دۇنيادا مەسخىرە قىلماقتا! ئورنۇڭلاردىن دەس تۇرۇپ، بۇ نومۇسنى يۇيۇڭلار، بۇنىڭ چارىسى: ئىلىم - بىلىم ئۆگىنىش، پەن - تېخنىكا ئىگىلەش، جاسارەت بىلەن ئىشلەشتۇر.

ئالىم سۆزىدىن توختىدى. ئىشان خەلپىتىم دەرمەھەل لام - جىم دېيەلمەي قالدى. ئۇ پۇشايماندىنمۇ ۋە ياكى ئىزا - ئەلەمدىنمۇ، ئەي - تاۋۇر بېشىنى كۆتۈرەلمەيۋاتاتتى. بىر ھازادىن كېيىن، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئېتىپ:


— تەخسىر، مەن گۇناھكار، ئەجدادلار ئالدىدىمۇ، ئەۋلادلار ئالدىدىمۇ، خۇدا ئالدىدىمۇ مەن گۇناھكار، — دېدى.

ئالىم ئۇنى تۇرغۇزۇپ، كىيىمىدىكى توپىنى قاقتى، سەللىسىنى تۈزىدى، قولىدىن تۇتۇپ، يېتىلەپ كېلىپ كىشىلەر ئارىسىغا قېتىپ قويدى.

بۇ چاغدا، تاش ئابىدە ئەتراپىغا ئۇل تۈپىسى سېلىنىپ بولغانىدى. ناغرا - سۇناي، داپ، راۋاب يېڭىباشتىن ئەۋجىگە چىقتى. كىشىلەر ساماغا چۈشتى. يۇسۇپ خاس ھاجىپمۇ شاۋقۇنلۇق تويغا قېتىلىپ كەتتى.

1986 - يىل، 27 - سېنتەبىر، قەشقەر

مۇئەللىپتىن: يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان سۆھبىتىدىكى «كىيىپ كېپەن مىنىپ ياغاچ ئاتقا. . .» دېگەن بىر كوبلىت شېئىردىن باشقىسى «قۇتادغۇبىلىك»تىن ئېلىندى.






## بۈگۈن

تۈنۈگۈننىڭ داۋامى بۈگۈن،
بۈگۈن ھارپا ئەتىنىڭ ھېيتقا.
تۈنۈگۈننى ئەتىگە ئۇلاپ،
بۈگۈن تۇرار ئوخشاپ بىر يىپقا.

تۈنۈگۈننى ئەيىبلەۋەرمە،
گەر بولسىمۇ تاغدەك گۇناھى.
تۈنۈگۈنسىز يوق ئىدى بۈگۈن،
ئۇ بۈگۈننىڭ ئۇلى - ئاساسى.

تۈنۈگۈننى ئارزۇلاۋەرمە،
بولسىمۇ گەر تۆھپىسى ئۇلۇغ.
ئۆمىدىڭ ئۆز، كەتتى كەلمەسكە،
قاچان يانغان يادىن ئۇچقان ئوق.

ئەتىنى بەك سۆكۈۋەرمىگىن،
كەلمىدى دەپ تاشلاپ تېز قەدەم.
تەبىئەتنىڭ قانۇنى شۇنداق،
ئۆز ئوقىدا ئايلىنار ئالەم.

ئەتىنى بەك كۈتۈۋەرمىگىن،
بۈگۈندىنمۇ بولما نارازى.
سەنمۇ، مەنمۇ كۆرۈپ باقمىدۇق،
قانداق ئەتە شۇ ئەتە زادى.

تۇت بۈگۈننىڭ پېشىدىن مەھكەم،
ئۇ ئىگىسى بۇندا ھەممىنىڭ.
ئىلكىدىدۇر پۈتكۈل تەقدىرى،
تۈنۈگۈننىڭ ھەمدە ئەتىنىڭ.

يەكۈنلىنەر مۇشۇ بۈگۈندە،
تۈنۈگۈننىڭ باسقان جەريانى.
تۆھپىسىنى ئەتكۈزەر داۋام،
ئاچچىق ساۋاق بولار نۇقسانى.

تۇرغۇزۇلار مۇشۇ بۈگۈندە،
ئەتە ئۈچۈن تەدبىر - كاپالەت.
بۈگۈن پىلان راۋرۇس تۈزۈلسە،
ئاندىن ئەتە تاپار كامالەت.

مەيلى ئەتە بولسۇن بەك گۈزەل،
مەيلى ئېسىل ئۆتسۇن تۈنۈگۈن.
ئىككىسىدىن يەنىلا ماڭا،
قەدىرلىكى بۈگۈندۇر - بۈگۈن.

## سۆيسەم... سۆيمىسەم...

مەن سېنى سۆيگەچكە:
سەن بەكمۇ گۈزەل،
تاڭدىكى قىزىلگۈل ھۆسنىڭ، ئامىرىقىم!
لېۋىڭدىن ئاقىدۇ گويا بال - ھەسەل،
ئاھۇ كۆزلىرىڭدە چاقنار شادلىقىم.

مەن سېنى سۆيگەچكە:
سەن دانا - ئاقىل،
ھەر سۆزۈڭ ئايەتتۇر، قىلىمەن بىجا.
پاراسەت - ئەقلىڭگە بولىمەن قايىل،
مەن سادىق مۇرىدىڭ، سەن بىر ئەۋلىيا.

مەن سېنى سۆيمىسەم:
سەن ئاددىي ئايال،
يېشىڭمۇ قىرىقتىن - ئەللىككە ماڭغان.
چېچىڭ ئارىسىدا ئاقلار بار تال - تال،
يۈزۈڭگە قورۇقلار چوڭقۇر ئىز سالغان.

مەن سېنى سۆيمەسمەن:
سەن جاھىل - نادان،
تىلىڭ زەھەردىن چېكىمەن ئازار.
كۆزۈمگە جادۇدەك كۆرۈنۈپ يامان،
قىلىمەن ئۆزەڭدىن بىر ئۆمۈر بىزار.

ئەسلىدە بىر ئادەم بولساڭمۇ بىراق،
ئىككى خىل ھالەتتە ئىككى ئادەمسەن.
سۆيسەم—بەختىم ئۆزەڭ، ئۆمرۈمگە ئورتاق،
سۆيمەسەم— بېشىمغا پۈتكەن ئەلەمسەن!

## تەكەببۇر قىز

ئاپتوبۇستا تۇردۇق يانمۇيان،
قول سىغماستەك چاپلىشىپ يېقىن.
يەۋەتكۇدەك باقسامۇ ساڭا،
قىيا كۆزۈڭ سالمىدىڭ لېكىن.

يۈزلىرىمنى غىدىقلاپ چېچىڭ،
ئۇرۇلاتتى يېقىملىق پۇراق.
يۈرىكىڭنىڭ دۈپۈلدىشىگە،
مەپتۇن بولۇپ سالاتتىم قۇلاق.

تۈگىمىسە بىز ماڭغان بۇ يول،
تۇرسام، دەيتتىم قىشىڭدا ئۇزاق.
بىر بېكەتكە يېقىنلاشقاندا،
چۈشۈش ئۈچۈن تەمشەلدىڭ بىراق.

— چۈشەمسىز دەپ سورىسام سەندىن،
ھە، دېيىشكە بارمىدى تىلىڭ.
رەنجىگەندەك سوغۇق بىر قاراپ،
پەقەت مەغرۇرلىكىشتىڭ بېشىڭ.

ئاپتوبۇستىن چۈشتۈڭ - دە، كەتتىڭ،
بىر قايرىلىپ قاراپ قويماستىن.
زىلۋا قەددىڭ غايىب بولغىچە،
كۆز ئۈزمىدىم ساڭا تويماستىن.

تەكەببۇر قىز، كەتسەڭمۇ ھازىر
پىسەنت قىلماي مېنىڭ دەردىمگە.
كۆيۈك ئوتى چۈشەر ساڭمۇ،
ۋە يېتەرسەن شۇندا قەدرىمگە.

## دوستلارغا

— سەككىزلىك

بۇ ئالەمدە ياخشى دوستلار كۆپ ھامان،
ئەمما، مىڭ دوستتىنمۇ بىر دۈشمەن يامان.
قىلسا دۈشمەنلىك بىراۋ، ئۇر سەنمۇ تىغ،
مەرد يىگىت دۈشمەنگە تىز پۈككەن قاچان؟!
دەپتىكەن دانا ناۋايى بىر زامان:
«دۈشمىنىڭگە يالۋۇرۇپ باققۇنچە جان،
ئىت ئۆلۈمى بىرلە ئۆلگىن نامۇرادا؟» —
بۇ ئۇلۇغ سۆز بىز ئۈچۈن بولسۇن مىزان.

## رۇبائىلار

### قېرىلار ھەققىدە

1

كەلگەندىمۇ قېرىلىقتىن تاغدەك ئەلەم،
بىزار بولماي بۇ ھاياتنى سۆيەر ئادەم.
زەررە نۇردىن قەترە سۇ، گۈل- گىياغىچە،
بىل، بەك گۈزەل يارالغان بۇ يورۇق ئالەم.

2

بىر چاغدا ياش ئۇستاز ھازىر قېرىپ كەتتىڭ،
ئۆمۈر يولى بەك ئۇزاق يول ھېرىپ كەتتىڭ.
بىراق، باسقان ئىزلىرىڭغا قان- تەرىڭدىن
مەڭگۈ سولماس بەخت گۈلى تېرىپ كەتتىڭ.

3

ياشلار كۈلسە كۈلسۇن ھاسا تايىقىڭدىن،
رەنجىمىگىن ئۆز يېشىڭغا لايىقىڭدىن.
تىلىكىم شۇ: بولسۇن ھاساڭ ئەسىرلىك دوست،
ئۆتۈپ تۇرسۇن شامال ئىككى ئايىغىڭدىن.

4

كۆرگىن بىر پەس بولسىمۇ كۈن سېرىقىنى،
نەسىپ قىلسۇن يەنىمۇ كۆپ قېرىغىلى.
قېرىلىقنى سۆكمە، ئۆمۈر بوغداي ئەمەس،
كۈزدە ئورۇپ، ئەتىيازدا تېرىغىلى.

### ياشلار ھەققىدە

1

ئەي ياش يىگىت قېرىلارنى قىلغىن ھۆرمەت،
قېرىغاندا ھەممىتىڭدىن كېلەر ئىززەت.
كۆرەڭلىمە، ئەل ئىچىدە بىر ماقال بار:
«كېلەر ئاخىر بىرىيەرگە، بىر ئەرگە نۆۋەت.»

2

بىر چاغلىرى ئۇنىڭ ئىدى سېنىڭ يېشىڭ،
ئۇنىڭ ئاپئاق ھازىر قارا سېنىڭ چېچىڭ.
ياشلىقىڭغا مەغرۇرلانما، پارامەتتە
ئۇ يېتىلگەن، سويىمدەك خام تېخى بېشىڭ.




(تارىخىي ئوبزور)

نىزامىدىن ھۈسەيىن

## خوجا ئىسھاقى ۋەلى توغرىسىدا

«... ھەزرىتى خوجا ئىسھاقى ۋەلى يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇدا بولۇپ 12 يىل دەۋران سۈردىلەر، خەلقنى ئاراستىگە (دىنىي تەرىقەتكە ــ ئا) باشلاپ، دىنىمىزغا راۋاج بەردىلەر. كىشىلەرنى ساھىبى كامال قىلدىلەر...» («تارىخىي نادىرىيە» دىن)

ئەينى زامانلاردا شىنجاگغا پەيدا بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز ئۈستىدە 12 يىل دەۋران سۈرگەن، «دىنىمىز» گە راۋاج بەرگەن ۋە ئەجدادلىرىمىزنى تەرىقەتكە باشلاپ، «ساھىبى كامال» قىلغان بۇ «زات» زادى كىم؟

بۇ «زات» ــ مەشھۇر سوپى مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، مىلادى 16-ئەسىردە شىنجاگغا كېلىپ ئۆزىنى «ۋەلى» ــ (يەرلىك ئەۋلىيا) ئېلان قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ نامى بىلەن «ئىسھاقىيە تەرىقىتى» نى ئىجاد قىلىپ، ئۇنى ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا يۈرگۈزگەن ھەم بىزنىڭ تارىخىمىزدا ئۆزىنىڭ يەنە باشقا سەلبىي قىلمىشلىرى بىلەن نۇر داغ چىقىرىپ ئالەمدىن ئۆتكەن، تارىختىكى ئەڭ مۇتەئەسسىپ كۆچلەرنىڭ مەشھۇر «پىرئۇستازى»، «ئىسھاقىيە» سوپىلىرىنىڭ «داھىسى»، ئەۋلادى دىنىي سەرگەردان ــ ئىسھاق ئىسىملىك بىر سوپىدۇر. بۇ سوپى تەخمىنەن مىلادى 1506—1507 - يىللىرى ئارىلىقىدا كاسان شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. 20 يېشىدىن تارتىپ سوپىلىق تەرىقىتىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، 7—8 يىل ئىچىدە غەربىي تۈركىستان، ئىران، ئىراق، ئافغان زېمىنلىرى (بۇخارا، سەمەرقەند، قازان، ھىرات، ئەھرار، كەدان، نىشاپور، بەسرە، شىراز قاتارلىق شۇ چاغلاردىكى مۇتەئەسسىپ رايونلار) دا سوپىلىقنى ئۆگەنگەن، «جاھان كەزگەن» ۋە بۇ خىل پائالىيەتلەردىن كېيىن، دادىسىنىڭ نەزىرىدىن ئۆتۈپ (ئىرشاتنامە ئېلىپ) «پىر» لىققا كۆتۈرۈلگەن. مەلۇم يىللاردىن كېيىن قەشقەرىيىگە كېلىپ يەكەندە ئۆزىنى «ۋەلى» ــ (مىللىي ئەۋلىيا) ئېلان قىلغان ھەم قەشقەرىيە خەلقىگە 12 يىلدىن جىقراق «پىر» لىق قىلىپ ئاخىرىدا قاتىللىق، قانخورلۇقنى مەقسەت قىلغان پىتنىخورلۇق قىلمىشى بىلەن پاش بولۇپ، سەئىدىيەخانلىقىنىڭ شۇ چاغلاردىكى خانى ــ مۇھەممەدخان تەرىپىدىن كەلگەن يېرىگە قوغلىۋېتىلگەن. تەخمىنەن مىلادى 1588—1589 يىللىرى 82 يېشىدا پەرغانىدە ئالەمدىن ئۆتۈپ شۇ يەرنىڭ «باغى بېشى ئۆتكەن ساندا



بەلەندە» قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان (بەزى يەرلىك خاتىرىلەردە بۇ كىشىنىڭ يەكەندە ئۆلگەن-
لىكى، جەسىتى يەكەندىكى «ئالتۇنلىرىم» مازىرىدا قويۇلغانلىقىمۇ بايان قىلىنغان، مېنىڭچە، بۇ قا-
راش تارىخىي پاكىتلارغا ئانچە ئۇيغۇن بولمىسا كېرەك).

خوجا ئىسھاق ۋەلى بۇخارالىق چوڭ سوپىلار بىلەن بولغان مەزھەپ ماجىرالىرى (چوڭ سوپىلار
ئارا داۋام قىلىۋاتقان ئىمتىياز تالىشىش ھەرىكىتى) دا يېڭىلىپ، شۇ چاغلاردىكى بۇخارا ھۆكۈمە-
رانلىرى تەرىپىدىن تۈرلۈك سۈرگۈن قىلىنغان ئەھۋال ئاستىدا قەشقەرىيىگە كەلگەندىن كېيىن،
ئۇ يەردە بىر نەچچە يىل پەقىر-بىچارىلەر قاتارىدا، قەشقەر، يەكەنلەردە مازار كەزدىلىك، دەرۋىشلىك
بىلەن كۈن ئالغان. يەنى خۇددى «بورقۇم ئەۋلىيا» دا كۆرسىتىلگەندەك: «كۆزلىرىدىن نۇر ياغقۇ-
زۇپ، ئاغزىدىن ئوت - ئاتەش چېچىپ، تىللىرىدىن دۇرۇت، قوللىرىدىن تەسۋى چۈشۈرمەي، ئۇلۇغلار-
نىڭ باشلىرىنى تاشلىماي (مازارلارنى تاۋاپ، دېمەكچى-ئا)، بىتاھارەت زېمىنگە دەسسىمەي، دۇنيا-
نىڭ ھەممە مەئىشەت ۋە ئىشلىرىدىن پۈتۈنلەي خالى تۇرۇپ، پەقەت مۆمىن بەندىلەرنىڭ ئىككىلا
«ئالەم» لىك «غېمى» نى يەپ يۈرگەن...». مىلادى 1560-يىللارغا كەلگەندە دىنىي ئىشلاردا باش كۆ-
تۈرۈپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ شۇ چاغلاردىكى خانى ئابدۇكېرىم خان ھۆكۈمرانلىقىدىكى بىر قىسىم
(ئاساسەن ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى) جايلارنىڭ ئەڭ چوڭ «دىنىي» زومىگەرى بولۇپ تونۇلۇش-
قا باشلىغان: يەنى ئۇ-ھەممىدىن بۇرۇن دادىسىنىڭ «پىر» لىق ئورنىنى تەڭ ئىگىلەش، تەڭ باش
كۆتۈرۈش كويىدا ئۆزى بىلەن ئۆزىگە سوقۇشتۇرۇۋاتقان ۋە ئۆزىنى «پىر» ئېلان قىلىۋالغان بىر
تۇغقان ئىنىسى خوجا مۇھەممەد ئىمىن ئىشان (ئىمامى كالان) نى باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق زەھەر
ئىچكۈزۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۆزىنىڭ «شەك - شۈبھىسىز»، شېرىكسىز بىرلا «ۋەلى» لىك ئورنىنى «كا-
پالەتلەندۈرگەن». نەتىجىدە، قەشقەرىيىنىڭ خېلى بىر قىسىم جايلىرىدا خوجا ئىسھاق مۇرىتلىرى
بىلەن خوجا مۇھەممەد ئىمىن ئىشان مۇرىتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا سۈركىلىش، بىر-بىرىنى ئۆلتۈ-
رۈش ۋەقەلىرى شەكىللىنىپ، بارا-بارا قەشقەرىيە جەمئىيىتىدە ئۆزلىرىنى «ھەر قانداق ئىنساندىن
چوڭ، خۇدادىن كىچىك» سانايدىغانلارنىڭ دىنىي مالىمانچىلىقى، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى كۈچىيىپ
كەتكەن.

قەشقەرىيە خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئابدۇكېرىم خان (بۇ كىشى بەزى تارىخلاردا «ئادىل خان»، «ئۇلۇغ
خان»دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ) خانلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى نورمال جاھاندارچىلىقى (شۇ چاغلار-
دىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ئاقارتىش، ھەربىي، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، جەمئىيەت قۇ-
رۇلمىسى، دىنىي پائالىيەت، دۇنياۋى مۇئامىلە... قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى) بۇ ئىككى چوڭ
ئىشان مۇرىتلىرىنىڭ، بولۇپمۇ خوجا ئىسھاقچىلارنىڭ زوراۋانلىقى، ئارىلىشىشى، تەھدىتى ۋە مالى-
مانچىلىقىغا دۇچ كەلگەن. خوجا ئىسھاقمۇ قەشقەرىيىنىڭ خانلىق ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا
ئۇرۇنغان. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئابدۇكېرىمخان ھاكىمىيىتى خوجا ئىسھاقنىڭ بۇ قىلمىشلى-
رىغا جازا ۋە زەربە بېرىش پەيتىگە چۈشكەندە خوجا ئىسھاق يەنىلا قول ئاستىدىكى سوپى - ئىشان-
لارغا قول بەرگەن ئوبۇل ۋە مۇھەممەد ئىسمائىل ئىسىملىك كىشىلەرنىڭ قولى بىلەن ئابدۇكېرىمخاننى بار-
چۇق (ھازىرقى مارالبېشى)دا شىكار ئۈستىدە پىچاقلاپ ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن مۇ-
رىتلىرىدىن بولغان قۇرەيشنى (تارىخلاردا قۇرەيش سۇلتان دېيىلىدۇ) ئابدۇكېرىم خاننىڭ ئور-
نىغا چىقىرىپ، ھاكىمىيەتنى بىر مەزگىل ئۆز تەسىر دائىرىسىگە ئېلىۋالغان.

ئابدۇكېرىمخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەشھۇر خانلىرىدىن بىرى — دادىسى ئابدۇرەشىدخان
ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ، بۇ خانلىقنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن ئاجايىپ خىزمەت-

لەرنى كۆرسەتكەن مىللىي داھىي خاراكتېرلىك ۋەتەنپەرۋەر ئۇلۇغ زات ئىدى. ئۇ زات توغرىسىدا «تارىخىي رەشىدى زەيلى» دېگەن كىتابنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنىڭ 104 - بېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئابدۇكېرىمخان كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەيدىغان ئادىل پادىشاھ ئىدى. ئۇ ئوردا ئىشلىرىنى ئادىل باشقۇراتتى. ھەر قانداق مەسىلىنى ۋاقتىدا ھەل قىلاتتى. ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە، ئازنە كۈنلىرى ئوردىدا ئولتۇرۇپ خەلقنىڭ ئەرزى - ھاللىرىنى ئاڭلايتتى، ھەل قىلاتتى. داۋاگەر ۋە جاۋابكارلارنىڭ ئىشى شەرىئەتكە تېگىشلىك بولسا مۇپتى، قازىلارغا، ۋەزىرلەرگە تېگىشلىك بولسا ئەربابلارغا بۇيرۇيتتى. مەدىنىدە «ئابدۇكېرىمخان ئادىلى» دەپ شۆھرەت قازانغانىدى. مەككىدە بولسا، ھەر كۈنى «ئادالەتلىك ئابدۇكېرىمخاننىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن» دەپ دۇئا قىلىشاتتى...»

خوجا ئىسھاق ئۆز ئورنىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئاخىرىسىدا سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، يەكەننى مەركەز قىلغان «ئىسھاقىيە خانلىقى» نى تىكلەش ئۈچۈن، پۈتۈن شىنجاڭ (ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭ) دا ئۆز ئەتراپىغا مۇرىت توپلاشنى تېزلەشتۈرگەن، ئۆزىنىڭ «سۇلۇكى» — (ئىسھاقىيە تەرىقىتى) نى رەسمىي «دىن» سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇنى ئەبەدىي، ئاخىرقى، مۇتلەق ئۆزگەرمەيدىغان چەكسىز ئۇلۇغ دىنىي ئەقىدە سۈپىتىدە يولغا قويۇشقا كىرىشكەن، كېڭەيتكەن. بۇ «سۇلۇك» نىڭ ئىبادەت ئۇسۇلى مۇنداق ئىدى: سوپىلار ھەر كۈنلا مۇرىتلىرىنى يىغىپ بىر يەرگە قاتار چۆرىدەپ ئولتۇرغۇزۇپ، دۇرۇت (ئايەت) ئوقۇيدۇ، ئاندىن خەتمە تامام قىلىپ جەرە - ساما باشلايدۇ. ساماچىلار باشلىرى قايغۇچە، ھوشلىرىدىن كەتكىچە «ياپىردىم - ھۇم، ھۇم، ئاللاھۇ، ئاللاھۇ، ھۇم، ھۇم» دەپ ئۆرە تۇرۇپ، بىر ئىزدا ئالدى - ئارقىغا تەڭ قايرىلىپ بىر خىل ۋارقىرىشىپ، ھېرىپ توختاپ، يىغازارى بىلەن يەنە دۇئا قىلىشىدۇ. ئۆتكەن «ئەۋلىيا»، «پىر»، «مازايى - ماشايىق» لار ھەققىدە دۇئا - تەكبىر ئوقۇشىدۇ. ئۇلار بارا - بارا پىردىن باشقا ھېچكىمگە ئىشەنمەيدىغان، گېپىگە كىرمەيدىغان، كۈن بويى تائەت - ئىبادەت بىلەن بولىدىغان، توپلىشىپ مازار چۆگىلەيدىغان بولۇپ يېتىشىدۇ. «يەكەن تارىخى» دا بۇ توغرىلىق مۇنداق دېيىلگەن: «ئىسھاقىيە سوپىلىرى ئۆزلىرىگە مۇرىت بولغۇچى سادا، تۈز كۆڭۈل خەلقلەرنى جىسمىدىن تارتىپ روھىغىچە بولغان بارلىق تەئەللۇقاتى بىلەن ئۆزلىرىگە بېقىندۇرۇپ كەتكەن. ئۇلار ژىندلاپ (پۇراپ - تېپىپ قاپ، ئىزدەپ — ئا) يۈرۈپ ئالىدىغانلىكى نەرسە بولسا ھەر خىل ۋاسىتىلارنى قوللىنىپ يۇلۇپ ئېلىپ تۇرىدۇ... سەھرالاردىكى كىشىلەردىن تارتىپ ئوردا مەھكىمىلىرىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك «ئىسھاقىيە» سوپىلىرىغا مۇرىت بولۇپ كېتىشكەن. بۇلار تاپقان، تۇگكەنلىرىنى دۇئا قىلدۇرۇپ، ئۇلاردىن دۇئا ئېلىپ ئۆزلىرى بولسا مازار، خانىقا... (گۈلەخ، ھەممدان، غەمخانىلاردىمۇ - ئا)لاردا دۇئا - تالاۋەت، خەتمە - ئىستىغپار، يىغا - زارى بىلەن «ئاخىرەت» غېمىدىلا خاردار - زار - ۋەيرانلىقنى مەزمۇن قىلغان تەركى دۇنيا كۈن كۆچۈرۈشكەن...».

خوجا ئىسھاقنىڭ يۇقىرى قاتلام بولۇۋالغان يېتەكچى سوپىلىرى، ئۆز مۇرىتلىرى جەمئىيەتتە گۇناھ ئۆتكۈزسە ئۇلارنى سوراقچى ئالدىدا قوغداپ قالالايدىغان (جازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالايدىغان) ھەم ئۇلارنى خالىغان چاغدا، خالىغان ئىشقا، خالىغان مەقسەت بىلەن سالالايدىغان، باشقۇرالايدىغان مەھەللىۋى مۇتلەق ھۆكۈمرانلاردىن بولۇۋېلىشىپ، جاھانغا سىغمايدىغان بولۇپ كېتىشكەن. ھەتتا تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، قەشقەرىيىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە «زۆرۈرى ئىسھاقىيە» (ئىسھاق زۆرۈرىيەتلىرى — ئا) دېگەن يېڭى «دىنىي قائىدە» نى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى، ئىجتىمائىي، دىنىي، سىياسىي تۈزۈم ۋە قائىدىلىرىنى بۇزۇشقا باشلىغان. مەسىلەن: سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي ماتارىپ تۈزۈلمىسىنىڭ

يەنى شەكلى‌دىن، مەزمۇنى ئىجتىمائىيەت ـــ (ئوقۇيدىغىنى‌دىن، شۇغۇللىنىدىغىنى جەمئىيەت)تىن
ئىبارەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىغا ئۇلار شەكلىمۇ دىن، مەزمۇنىمۇ دىن، ئوقۇيدىغىنىمۇ دىن، شۇ-
غۇللىنىدىغىنىمۇ دىندىن ئىبارەت پۈتۈنلەي تەرەققىيات جاھالەتچىلىكىنىڭ «زۆرۈرىيەت» قۇرۇلمىسىنىلا
دەسسىتىشكەن. «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت»دە بۇ توغرىلىق مۇنداق يېزىلغان: «بىزنىڭ مەدرىسىلى-
رىمىزدە ئەلمىساقتىن بېرى ئىمام ئەززەم يولى («سۇننىي» مەزھەپى تارمىقى) دىكى مەكتەپلەر جارى
ئىدىلەر، ئوغۇل يەتتە، قىز بەش يېشىدىلا بۇ مەكتەپلەرگە بېرىپ خۇدانىڭ، تېنىمنى تۇپراقنىڭ، ئۇستىخى-
نى ئىگىسىنىڭ دەپ ئوقۇشقا تۇتۇپ بېرەلەر ئىدىلەر. بۇ ئىشتا ھېچ كىشىنىڭ ھېچ كىشى بىلەن، پۇقرا-
نىڭ ھۆكۈمەت بىلەن، ھۆكۈمەتنىڭ پۇقرا بىلەن ھېچقانداق دەخلىچىلىكى يوق ئىدىلەر... ئوقۇش-
ئوقۇتۇش خۇدا ئۈچۈن ئىدىلەر. ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۈمىد - ئارزۇسى‌ھەم مۇدەررىسلەرنىڭ خاھىشى
بويىچە تالىپلار بۇ مەدرىسلەردىن ئاخىرى ئىمامى ئەززەم يولى بولغان كەسپىي تىجارەتنىڭ ھۈنەر،
جاھانسازلىقنىڭ ۋە خۇدايى بەندىچىلىكنىڭ ھەممە رىسالە، ھالال يوللىرىنى بىلىپ چىقىدۇر ئىدى-
لەر ... ۋەھالەنكى، ئەزەلدىن ۋاجىپ بولۇپ كەلگەن بۇ ئەنئەنە ھەزرىتى ئىسھاقى ۋەلىي زامانلى-
رىغا كەلگەندە زۆرۈرى ئىسھاقىيە قائىدىسى بىلەن ئۆزگەرتىلدىلەر. قىز باللار ئۆيلەردە پاك بۇۋى-
لەردىن ئوقۇپ، ھەر قانداق جىنسىي نامەھرەمگە كۆرۈنمەي (ئەر كىشىدە ئوقۇماي دېمەكچى ـــ ئا).
بولغۇسى روزىگاھى (بولغۇسى يولدىشى ـــ ئېرى) نىڭ يېرىدىم خۇدالىقىغا تەن بېرىدىپ،
پېرىسىز يۈرمەي، كارامەتلىك بۇۋى (بۇۋۇم) لەردىن بولۇپ چىقىدىغان
بولىدىلەر . . . ئوغۇللار ئەمدى ئىمامى ئەززەم يولىنى ئەمەس، مەخدۇم ئەززەم يولى (تەرە-
ققىيات يولىنى ئوقۇپ تەرەققىيات ئۈچۈنلا دۇنيادىن ئۆتىدىغان ـــ ئا) نى تۇتىدىغان، بۇ يولدىن چىققانلار-
نىڭ ھەر قانديقى ئىماندىن ئايرىلغانلار دەپ قارىلىدىغان بولدىلەر...». دېمەك قەشقەرىيىدە ئەزەل-
دىن ئەھلى كاسىپلىقنى چىقىش قىلغان ئەنئەنىۋى مەكتەپ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىراقلا ئەھلى سو-
پىلىق (سوپى يېتىشتۈرۈش جەمئىيەتنى سوپىلاشتۇرۇشقا خىزمەت قىلىش) قا ئۆزگەرتىۋېتىلگەن.
يەنە مەسىلەن: خوجا ئىسھاق سوپىلىرى بەزى جايلاردا «زۆرۈرى ئىسھاقىيە» «قائىدىسى» بويىچە
«نوسەندە» لىك (خەت يېزىشنى ئۆگىنىشكە ياكى مىرزىلىق) كە قارشى بەزى ھالاكەتلىك ئامىر-
ۋى ھەرىكەتلەر نىمۇ قانات يايدۇرۇپ، قەشقەرىيە جەمئىيىتىدە تەلتۆكۈس ئامىۋى نادانلىقنىڭ
ۋە ئامىۋى ئەقلىي مەغلۇبىيەتچىلىكنىڭ ئۇلىنى ھازىرلاشقان. «بورقۇم ئەۋلىيا» نىڭ «قولسىز
نوسەندە» دېگەن قىسمىدا بۇ توغرىلىق مۇنداق بىر مىسال خاتىرىلەنگەن: «سابىر ئىسپەھان (ئىسپەھان ـــ
گۇمىنىڭ بىر كەنتى ـ ئا) ئاتلىق بىر مۆمىن كىشى بار ئەردى. ئىسھاقىيىنى پىر تۇتقان ئىدىلەر. ئالتە
يىل مازار كېزىپ مۇرىتلىقتا ئىبادەت قىلىپ، ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى قەغەزگە بېيت قىلىپ پۈتۈپ
چىققان ئىدىلەر. بۇ قىلىق پىر ـ زادىلەرنىڭ كارامەتلىرىدىن خالى قالالمىدى، زۆرۈرى ئىسھاقىيە
ھۆكۈمالىرى بۇنى نوسەندىلىك دېدىلەر. خان شاھىدىخان ـ (ئىسھاق
خوجىنىڭ چاپارمەن مۇرىتلىرىدىن بىرى ـ ئا) بۇ نوسەندىنىڭ ئوڭ قولىنى كېسىپ، ئەھلى ئىس-
لامغا ئىبرەت قىلدىلەر... ئۇزات: «قەلەم نوسىبىتى (قەلەم تۇتۇش ئامىتى ـ ئا) خاس ئەۋلۇغلىرى-
مىزغىلا مەنسۇپتۇر. بۇ ئالەمنىڭ ئىشلىرىغا قەلەم تەۋرەتكەن ھەر قانداق ئەھلى مۇسۇلمانىنىڭ
ئۆزى كاپىر، خوتۇنى تالاق، يېگىنى زوقۇم، كەيگىنى كېپەن بولغايلەر...» دەپ سابىرنى دۇئايى-
بەند قىلىپ (قاغاپ ـ ئا) قولسىز نوسەندە قىلمۇەتتىلەر ...».

خوجا ئىسھاقچىلارنىڭ بۇ خىل جاھالەت پەرەستلىك قىلمىشلىرىگە دۇچ كەلگەن قەشقەردىيە خەلقى مىلادى 1582 ـ يىللار ئەتراپىدا خوجا ئىسھاق ۋە ئۇنىڭ مۇرىت، ئەگەشكۈچىلىرىگە قارشى كەسكىن كۈرەشلەرنى باشلىۋەتكەن. ئاقسۇ خەلقى خوجا ئىسھاقنىڭ «پىر» بولۇۋالغان ئىككىنچى ئوغلى خوجا شاھبازنى ئۇر ـ ئۇر قىلىپ، ئاقسۇدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن. خوجا ئىسھاقنىڭ قەشقەرگە قويغان بەش خەلىپىسى ــ ئۇشتۇر خەلىپە، قەشقەرلىقلەر تەرىپىدىن تورپاندا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. يېڭىسار، خوتەن، يەكەنلەرگە قويغان قاسىم، يۇسۇپ، خوجا شادى خەلىپىلەرمۇ يەرلىك خەلقلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈپ تاشلانغان. پۈتۈن قەشقەردىيىدە خوجا ئىسھاق سوپىلىرىغا قارشى داغدۇغىلىق ئاممىۋى جامائەت ھەرىكىتى كۆتۈرۈلۈپ، بىر قىسىم جىنايىتى ئېغىر چوڭ سوپىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىلگەن،سوپىلىق ھەرىكەتلىرىگە چەك قويۇلغان. ئاخىرى خوجا ئىسھاق خەلق ھەرىكىتىدىن قور-قۇپ مۆكۈپ ـ چۆكۈپ يۈرۈپ سەمەرقەندكە قېچىپ بېرىپ، كەلگۈسىدە قەشقەرىيىنى بۇخارا خانلىقىغا تەۋە قىلىپ بېرىش ۋەدىسى بىلەن بۇخارا خانى ئابدۇللاخاندىن 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئېلىپ (باشلاپ)، قەشقەرىيىنى ئىشغال قىلمىش ئۈچۈن، چوڭ قىرغىنچىلىق بىلەن باستۇرۇپ كىرىپ، قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان.. قەشقەر خەلقى بۇ قانخور خوجىنى باشلاپ كەلگەن لاۋۇ ـ لەشكەرلىرى بىلەن قوشۇپ قاتتىق جازالاپ، قەشقەرىيىدىن قوغلاپ چىقارغان. بۇنىڭ بىلەن قەشقەردىيىدە سۇلتان ئابدۇرەشىد خاننىڭ ئوغلى مۇھەممەدخان (خاقانى ئەزەم) خانلىقى قايتىدىن تىكلىنىپ، تىنچلىق ئورنىتىلغان. سوپى، ئىشانلار ھەرىكىتى بىر مەھەل بېسىلغان.

خاقانى ئەزەم ئىسھاقىيە خوجىلىرى پەيدا قىلغان جاھالەت ئىزلىرىنى، قاراڭغۇلۇقنىڭ تۇمانلىرىنى تۈگىتىشكە كىرىشكەن.

## ئاپئاق خوجا توغرىسىدا

ئۇرغىلى بولماس خوجىنى، مۇسۇلماننى خار قىلغان،
تىللاشقا بولماس خوجىنى. خۇدا ئۇرسۇن خوجىنى.

(تارىخ قوشاقلىرىدىن)

### ئاپئاق خوجا كىم؟

بىزنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخىمىزدا ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە سەلبىي قىلمىشلىرى بىلەن نام قالدۇرۇپ ئۆتكەن چوڭ خوجا ـ ئىشانلارنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى ـ ئاپئاق خوجا (ھىدايىتۇللا خوجا) دۇر.

ئاپئاق خوجا ــ خوجا مەخدۇم ئەزەمنىڭ پەر نەۋرىسى ــ (مۇھەممەد يۇسۇپ خوجىنىڭ ئوغلى) بولۇپ، مىلادى 1626 ـ يىلى قومۇلدا قەشقەرلىك سەئىد جېلىل قەشقەرى دېگەن كىشىنىڭ قىزى زۇلەيخا بېگىم (بىكىم بېگىم مەنىسىدە ـ ئا) دېگەن خاتۇندىن تۇغۇلغان. 1633-يىلى دادىسى بىلەن سوپىلىق قىلىپقەشقەرگە پەيدا بولغان.1660- يىلى 34 يېشىدا يەكەندە مەكتىلىك ئوبۇلھادى بەگنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن.1678- يىلدىن 1694- يىلغىچە 16 يىل قەشقەردىيە(ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ)گە«خان»لىق قىلغان. ئۆمرىدە «ئەۋلادى پەيغەمبەر خوجا»،«ئەۋلىيا خوجام» ①،«ئاپئاق خوجا»،«ئىشان نۇر ئاللاھ» ② «ئىشان ئەلەيھى»، «ئاللاھ خوجام» ③، «پېشىۋاھى ھەزرەت»، «ئاباخ خوجا» ④.

«تورلۇك ئاباغ» ⑤ دېگەندەك ناملارنى قوللانغان ياكى قوبۇل قىلغان. 1693 - يىلى يازدا ئوغلى (شۇ چاغدىكى قەشقەرنىڭ باش ھۆكۈمرانى) يەھيا خوجا (خان خوجا دەپ ئاتىلىدۇ) غا: «... ئەي قەدىرلىك پەرزەنت، مۇشۇ يەر ھەممە يەرلەردىن ئوبدانراق ئىكەن، بۇ يەرگە ئىككىمىز بىر گۈمبەز قىلايلى. ئۇ - تا قىيامەتكىچە بۇزۇلمىسۇن...» (ئاپپاق خوجا تەزكىرىسى كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى 41 - بەت) دېگەن بۇيرۇقنى بېرىپ، دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپ خوجىنىڭ قەبرىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا ھازىرقى ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ ئەسلىنى ياساتقان ھەم ئۇنىڭغا دەسلەپتە «مازارى شاھان» (مازارلار شاھى) دەپ نام قويغان. ھىجرىيە 1115 - يەلەڭ يىلى يەنى يولبارس يىلى ماھى سەپەر ئېيىنىڭ 16 - كۈنى (مىلادى 1694 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى) ئۆزىنىڭ تاغىسى خوجا ئىسھاق ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن ھوقۇق، ئىنتىقام ئاداۋىتى بىلەن يەكەن شەھىرىدە 68 يېشىدا زەھەرلەپ مەخپىي ئۆلتۈرۈۋېتىلگان، جەسىتى شۇ يىلى قەشقەر شەھىرىگە يۆتكىلىپ كېلىنىپ، ئۆزى ئۆلۈشتىن بۇرۇن ياساتقان «مازارى شاھان» غا دەپنە قىلىنغان. ئاپپاق خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا يەھيا شۇ يىلى دادىسىنىڭ قەبرىسىنى چوڭ گۈمبەز ئىچىگە ئالدۇرۇپ، گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە پارسچە «ئاپپاق خوجا خۇدانىڭ ئاشىقى ئىدى»، «يەككە - يىگانە مەشۇق ئىدى» دېگەن خەتنى يازغۇزۇپ، بۇ يەرنىڭ نامىنى «ھەزرىتى ئاپپاق مازىرى» قىلىپ بېكىتكەن.

## ئاپپاق خوجىنىڭ باش كۆتۈرۈشى

ئاپپاق خوجا مىلادى 1640 - يىللار ئەتراپىدا دادىسىدىن سوپىلىقنى ئۆگىنىپ قەشقەردە مۇرەتتەپ (پېشىق) سوپى ھەم تونۇلغان ۋائىز (مەدداھ) لاردىن بولۇپ قالغان. 1644 - يىللىرى دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپ خوجا ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى (خوجا ئىسھاقى ۋەلىنىڭ نەۋرىسى) خوجا ئابدۇللا ئىشان تەرىپىدىن دىنىي ھوقۇق، ئىمتىياز تالىشىش ئاداۋىتى بىلەن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇ دەرھال دادىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى «پىر» ئېلان قىلغان ھەم دادىسى يۈرگۈزۈپ كەلگەن «ئىشقىيە سۇلۇكى» گە ۋە بۇ «سۇلۇك» مۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي ھەرىكەتلىرىگە باشچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولغا ئالغان. ئاپپاق خوجا ئوتتۇرىغا چىققان بۇ چاغ - قەشقەردە بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىككى چوڭ سوپىلىق سېپى — «ئىشقىيە»

---

① «ئەۋلادى پەيغەمبەر» - ئاپپاق خوجا ئەينى چاغلاردا ئۆزىنى «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 27 - ئەۋلاد نەۋرىسىمەن» دەپ ئاتاپ، كىشىلەرنىڭمۇ مۇشۇنداق ئاتىشىنى راۋا كۆرگەن.

② «ئىشان نۇر ئاللاھ» — ئاللاھنىڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن، ئاللاھقا ئوخشاش نۇرلۇق دېگەن مەنىلەردە.

③ «ئاللاھ خوجام» — 19 - ئەسىردە ياشاپ ئىجاد قىلغان، ئۇلۇغ ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا بىننىي ئەيسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخىي ئەمنىيە» دېگەن كىتابىدا بۇ ئاتالغۇغا ئىزاھات بېرىپ مۇنداق يازغان: «... بەزىلەر خوجاملارغا بولغان ئىخلاسلىرىنى ھەددىدىن زىيادە ئاشۇرۇپ، خوجاملارنى «ئاللاھ غوجام» دەپ تەڭرى بىلەن خوجاملارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق كىشىنى سىغدۇرمايتتى...». بۇ خىل ئاتاش ئاپپاق خوجا دەۋرىدىن كېيىنكى چاغلاردىمۇ بولغانلىقى توغرىسىدا تارىختا پاكىت كۆپ.

④ «ئاباخ» (تاڭغۇتچە سۆز) - دالاي 5 ئاپپاق خوجىنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆز بۇتخانىسىدا مۇشۇ نام بىلەن ئاتاپ قوبۇل قىلغان. ئەسلىدە بۇ سۆز دالاي لامانىڭ ئوتتۇرا قاتلامدىكى لامالارغا بېرىدىغان بىر خىل دىنىي ئۇنۋان نامى بولۇپ بۇ نام مۇسۇلمانلاردىكى «رەئىس»، «قازى رەئىس» دەرىجىلىرىگە تەڭ كېلىدۇ. دېمەك دالاي، ئاپپاق خوجىنى شۇ خىل دەرىجىدىكى لامالار قاتارىدا قوبۇل قىلغان - دە...

⑤ «تورلوگ ئاباخ» - تاڭغۇت (زاڭزۇ) تىلى. «تۈرك شېيخ»، «تۈرك رەئىس»، «تۈرك ئۆلىما» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، تاڭغۇتلار تارىختا ئۇيغۇرلارنى «تورلوگ» (تۈرك) دەپ ئاتاپ كەلگەن.

چىلەر سېپى بىلەن «ئىسھاقىيە» چىلەر سەپلىرىنىڭ ئىچكى كۈرەشلىرى ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ تۇرغان يامان چاغقا توغرا كەلگەن. ① مۇشۇنداق كەسكىن كۈرەش ئىچىدە باش كۆتۈرگەن ئاپپاق خوجا يەنىلا ئۆز رەقىبى بولغان «ئىسھاقىيە» چىلەرگە قارشى كۈرەشتە غەلىبە قىلىش، ئاخىرى بېرىپ پۈتۈن قەشقەرىيەنىڭ بىردىنبىر چوڭ دىنىي ھۆكۈمرانى بولۇپ مەيدانغا چىقىشىنىڭ بىر يۈرۈش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، ئىجرا قىلىشقا كىرىشكەن:

① ئۆزىنى «سەئىد» ئاتاپ («مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 27-ئەۋلاد نەۋرىسىمەن» دەپ ئېلان قىلىپ)، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «ۋارىس» لىق قىلىدىغان «ئۇلۇغ زات» قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، تۇنجى قېتىم قەشقەردە ئەتراپىغا ئادەم يىغىش، مۇرىت كۆپەيتىش ۋە ئۇلار ئارقىلىق قەشقەرىيەدە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تۇرغۇزۇش ھەرىكىتىنى كۈچەيتكەن. يەنى ئۆز يېقىنلىرى ئارقىلىق قەشقەر مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا «... خوجام دەرگاھىغا كېلىپ مۇرىت بولغۇچىلارنىڭ ھەر قانچە ئېغىر گۇناھلىرى بولسىمۇ گۇناھىدىن ساقىت بولىدۇ ...»، «ئىنسان سۆلۈككە كىرسە (خوجامغا مۇرىت بولسا دېمەكچى — ئا) ئورنى بارغانسېرى ئاشىدۇ. ئاللاھنىڭ زاتىغا ئۇلىشىدۇ ۋە ئەبەدىيلىشىدۇ. مۇشۇ يول بىلەنلا خۇداغا يېقىنلىشىش مۇمكىن ...»، «... خوجام (ئاپپاق خوجىنى دېمەكچى — ئا) ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن مۆمىنلەرگە ‹پىر›، ‹ئۇستاز› بولۇش ئۈچۈن كەلگەن ‹ئەۋلىيا› دۇر ...»، «پەيغەمبەر بىلەن ئوخشاشتۇر ...»، «... بىرەر كىشى ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتىپ دىنىنىڭ پۈتۈن ئەركانلىرىنى ئورۇنلىغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر ‹پىر›، ‹ئەۋلىيا› غا قول بەرمەيدىكەن، ئىشەنمەيدىكەن گۇناھكار بولىدۇ. قىلغان ئىبادەتلىرى قوبۇل بولمايدۇ ...» («تەزكىرەيى ياران» دىن) دېگەندەك تەشۋىقاتلارنى ئەۋج ئالدۇرغان. ئاپپاق خوجىمۇ بۇ خىل تەشۋىقاتنى ئۆزىنىڭ تاللانغان، سىزىمەن، تەشۋىقاتچىلىقتا چېنىققان، ئەل ئىچىدە تونۇلغان مەدداھلىرى ئارقىلىق كەڭ دائىرىلەر، يىراق جايلار بويىچە ئۈزۈلدۈرمەي خېلى يىللار داۋاملاشتۇرغىنى ئۈچۈن، پۈتۈن قەشقەرىيەدە ناھايىتى تېزلىكتە نامى چىقىشقا باشلىغان. ۋەھالەنكى، بۇ خىل تەشۋىقاتلار پۈتۈنلەي ئويدۇرما ۋە ئالدامچىلىق ئۈچۈنلا توقۇپ چىقىرىلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدا ھېچقانداق بىرەر تارىخىي ياكى ئىسلام تەلىماتى، ئەقىدە، پرىنسىپلىرىدا تەكىتلەنگەن بىرەرمۇ پاكىت - ئاساس يوقتۇر. دېمەك، ئاپپاق خوجا تەشۋىقاتچىلىرى (مۇرىتلىرى) مۇشۇنداق بىر شەخسنى ئادەتتىن تاشقىرى سۈپەتلەر بىلەن ماختاپ (ئۇنىڭ غايىبنى بىلىدىغانلىقىنى، «ئۇلۇغ» لۇقىنى تەرىپلەپ، «خۇداغا رام» لىقى بىلەن ئاخىرىدا ئۇنى قەشقەردە «ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋلىياسى»، «ئۇلۇغ پېشۋاسى»، «سەئىد» دېگەن تاج ئاستىغا ئېلىپ) ئەجدادلىرىمىزنىڭ يەلكىسىگە مىندۈرۈشكىچە بېرىپ يەتكەن.

---

① مەخدۇم ئەزەم ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى — خوجا ئىسھاقى ۋەلى بىلەن خوجا مۇھەممەد ئىمىن ئىمامى كالانلار ئۆز ئاتىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىشىپ سوپىزمنى ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپلىكنى تېخىمۇ كەڭ تارقىتىش ئۈچۈن، ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا مۇرىت توپلاشقا باشلىغان. بۇلار ئەزەلدىن بىر بىرى بىلەن ھوقۇق، مەنپەئەت تالىشىش يولىدا ئۆز ئارا زىتلىشىپ كېلىۋاتقان ئاكا - ئۇكىلاردىن بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرىت تالىشىش كۈرىشى بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتكەن. بۇ كۈرەشتە خوجا ئىسھاق ئىنىسى مۇھەممەد ئىمىن ئىشاننى باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق زەھەر ئىچكۈزۈپ ئۆلتۈرۋەتكەن. ئاپپاق خوجىنىڭ دادىسى مۇھەممەد يۇسۇپ خوجىمۇ خوجى ئىسھاقنىڭ نەۋرىسى ئابدۇللانىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەن. خوجا ئىسھاق ئۆلگەندىن كېيىن، بۇ كۈرەش يەنىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتكەن. نەتىجىدە، قەشقەرىيەدە بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى چوڭ ئىككى سەپ يەنى: مۇھەممەد ئىمىن خوجا كالان (ئاپپاق غوجىنىڭ بوۋىسى) تەرەپدارلىرى ئۇيۇشقان «ئىشقىيە» (داستارلار) سېپى، خوجا ئىسھاق تەرەپدارلىرى ئۇيۇشقان «ئىسھاقىيە» (مەخدۇم زادىلار) سېپى بارلىققا كەلگەن. بۇ سەپلەرنىڭ كۈرىشى ئاپپاق خوجا بىلەن ئۇنىڭ رەقىبى ئابدۇللا خوجا چاغلىرىغا كەلگەندە تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ، قانلىق كۈرەش پەللىسىگە بېرىپ يەتكەنىدى.

②خۇددى «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت»دە كۆرسىتىلگەندەك: «...بۇ زات ھەر يىلى مازار-ماشايىقلارنى
تاۋاپ قىلىپ، قەدىم جايلارنى يوقلاپ، شەھەرلەرنى كۆرۈپ، يۇرتلارنى ئارىلاپ، ئەل-خالايىققا
كۆرۈنۈپ، دۇئا بېرىپ، مۇشكۇللىرىگە ئاسايىشلىق تىلەپ، باشلىرىنى سىلاپ، سايىۋەن بولۇپ تۇ-
رۇش»نى زادىلا قولدىن بەرمىگەن. يەنە شۇ كىتابتا: «... بۇ زات ئۇچتۇرپانغا بارغاندا خالايىق
بىز كۈتكەن سەئىد مۇشۇ ئىكەن، دەپ ئەقىدىلىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن ئاتلىرىنى يىلقىسى (بايتى-
لى) بىلەن، قويلىرىنى قوتىنى بىلەن، كالىلىرىنى ئېغىلى بىلەن ھەدىيە قىلىپ بېرىپ دۇئاسىنى
ئالدىلەر ...» دېيىلگىنىدەك، ئاپپاق خوجا قومۇلدىن تارتىپ خوتەنگىچە بولغان شەھەر، بازارلار-
نى، قەدىم جايلارنى بىر نەچچە قېتىمدىن زىيارەت قىلىپ، بۇ جايلاردىن مۇرىت توپلاپ،
«ئۇلۇغ» لاردىن «دۇئا» ئېلىپ، كىشىلەرگە «دۇئا» بېرىپ تاپاۋەت تېپىپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي
ئورنىنى چىڭىتىپ بارغان. «تەزكىر پىر ياران»داكۆرسىتىلىشىچە، ئاپپاق خوجا مىلادى 1635 - يىلى-
دىن 1677 - يىلىغىچە قۇمۇل، تۇرپان، قارا شەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئۇچ-
تۇرپان، يېڭىسار، سېرىقكۆل، بەدەخشان (ئافغانىستان)، كەشمىر، كاسان، پەرغانە، ئىلى، راجىدان
(جامۇ) قاتارلىق جايلاردا مازاركەزدىلىك، ئىشانلىق سەپىرىدە يۈرۈپ، ئىرشادنامە تارقىتىپ، نۇر-
غۇن مۇسۇلمانلارنى سوپىلىققا ئالغان، مۇرىت كۆپەيتكەن. ئاقسۇدىكى «قۇرمىش ئاتام»، تۇرپاندى-
كى «ئەسھابۇل كەھب»، يەكەندىكى «ئالتۇنلىرىم»، ئاتۇشتىكى «سۇلتانۇم»، كۇچادىكى «مەۋلانا
ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا»، خوتەن - ئىلچىدىكى «ئىمام زەينۇل ئابىدىن»، نىيە ناھىيىسى تەۋەسىدىكى
«ئىمام جەپەر سادىق»، قارىقاشتىكى «ئىمام مۇھەممەد ھەسەن ئەسكىرى»، چىرىيىدىكى «ئىمام ج
پەر تەيران»، قاغىلىقتىكى «زۇنلان»، «جەمجۇم» قاتارلىق 30نەچچە مازارنى كېزىپ ۋە بەزىلىرى
نىڭ پەخرىي شېيخلىق دەرىجىلىرىنى قوشۇمچە قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ تەرەپتىكى تەسىرى ئا-
سىنىمۇ كېڭەيتكەن. مۇرىت، شېرىك، يارانلارنى ئاۋۇتقان. مىلادى 1669 - يىلىغا كەلگەندە خۇد-
دى «يەكەن تارىخى» 38 - بېتىدە كۆرسىتىلگەندەك: «...ھىدايىتۇللا ئاپپاق بىر قېتىملىق ئۇچرىشى-
تا ئىسمائىلخاندىن ئۆزىنىڭ مۇرىتلىرىدىن سېلىق ئالماسلىقنى تەلەپ قىلغان. ئىسمائىلخان
بۇنى سەل چاغلاپ ماقۇل بولغان. شۇنىڭ بىلەن بۇنى ئاڭلىغان خەلق خوجا ھىدايىتۇللاغا كۆپلەپ
مۇرىت بولۇپ، پەقەت بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا 30 مىڭغا يېقىن كىشىگە يېتىپ»، قەشقەرد-
ىنىڭ خېلى بىر قىسىم جايلىرىدىكى ئاھالىلەر ئارىسىدا ئاپپاق خوجا تەرىقىتىنىڭ «ئىشقىيە» سو-
لۇكى بىر خىل يېڭى دىنىي ئىدىيە سۈپىتىدە تارقىلىشقا باشلىغان. مىلادى 1666- يىللار ئەتراپىدا
قەشقەرىيىدە ئاپپاق خوجا باشچىلىقىدىكى «ئىشقىيە»چى سوپىلار بىلەن ئەبەيدۇللا خوجا باشچى-
لىقىدىكى «ئىسھاقىيە» چى سوپىلار ئوتتۇرىسىدا ئۆز سەپلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، كۈچەيتىش ھە-
رىكىتى كۆتۈرۈلگەن. ئاپپاق خوجا ئۆز مۇرىتلىرىنى «ئىسھاقىيە» تەرەپدارلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش
ھەم ئۆز سېپىنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق قىلىپ بەلگىلەش ئۈچۈن، ئۆز مۇرىتلىرىنى ئاق تەقى (ئاق
تۇماق — ئاق دوپپا) كىيىشكە بۇيرۇغان ھەم بۇ شەرتلىك بەلگىنى «ئىشقىيە» لەر سېپىنىڭ مۇقىم
بەلگىسى قىلىپ بېكىتكەن. ئەبەيدۇللا خوجىمۇ ئۆز مۇرىتلىرىنى «ئىشقىيە» تەرەپدارلىرىدىن پەرق-
لەندۈرۈش ئۈچۈن قارا تەقى (قارا تۇماق) كىيىشكە بۇيرىغان ھەم بۇ شەرتلىك بەلگىنى «ئىسھا-
قىيە» لەر سېپىنىڭ مۇقىم بەلگىسى قىلىپ بېكىتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئاپپاق خوجىنىڭ تەسىرى
چوڭراق بولغان («ئىشقىيە»چىلەر جىقراق بولغان) ھازىرقى قەشقەر شەھىرىدىن تۇرپانغىچە بولغان
جايلارنىڭ خەلقلىرى ئاق تەقىلىقلارنىڭ تەرەپدارلىرى قىلىپ قويۇلغان. ئەبەيدۇللا خوجا («ئىس-
ھاقىيە» چىلەر) نىڭ تەسىرى چوڭراق بولغان يەكەن، قاغىلىق، خوتەن تەۋەلىرىگە قاراشلىق جاي-

لارنىڭ خەلقى قارا تەقىلىقلەرنىڭ تەرەپدارلىرى قىلىپ قويۇلغان. بۇنىڭ بىلەن ئەمەلدارلاردىن تارتىپ تاكى ئاددىي پۇقرالارغىچە ئىككى قاشتا بۆلۈنۈپ، ئىككى خوجىنىڭ كەينىدىنى چاپىدىغان ئاق تەقىلىقلەر، قارا تەقىلىقلەر كۆرۈشى ئەۋجىگە چىققان («ئاق تەقىي»، «قارا تەقىي» ئاتالغۇسى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭ ئۆزگىرىش خۇسۇسىيىتى بويىچە «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» دېيىلىپ كەلمەكتە). گەرچە ئۇلارنىڭ تۈپ ماھىيەتلىرى بىر-بىرىدىن پەرق قىلمىسىمۇ قەشقەرىيىنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتى يەنىلا سەئىدىيە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ داۋامچىلىرىدىن بولغان ئىسمائىلخاننىڭ قولىدا بولغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ باشلىقلىرىدىن ۋە دىنىي ئىشلارنىڭ ھوقۇقىنى ئۆز قوللىرىغا مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز ئارا قانلىق كۆرەشلەرنى زادىلا توختاتماي، ئىسمائىلخان ھاكىمىيىتىنىڭ ۋۇقۇم، تىنچ، ئىتتىپاق بولۇشىغا خەۋپ يەتكۈزۈشكە باشلىغان. مەسىلەن: «بورقۇم ئەۋلىيا» دېگەن قوليازمىدا كۆرسىتىلىشىچە: ئاپپاق خوجىنىڭ «ئاق تاغلىق» سوپىلىرى 1670- يىلى بىر يىل ئىچىدىلا يېڭىسار، مەكىت، مارالبېشى، پەيزاۋات، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردا «قارا تاغلىق»، «پىر» سوپىلاردىن 80 نەچچىنى تۇتۇۋېلىپ مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتكەن. 40 نەچچە «سوپى»نىڭ بېشىنى قىرقىپ، قول، پۇتىنى كېسىپ، ئاختا قىلىپ (ئەرلىك تۇخۇمىنى ئېلىۋېتىپ) «كىرەكسىز نوردا» ھالەتكە ئەكېلىپ، «قارا تاغلىق»لاردىن «ئۆچ» ئالغان. «ئىسھاقىيەچى «قارا تاغلىق» سوپىلارمۇ قەشقەرىيىنىڭ خوتەن، يەكەن تەۋەلىرى (ھازىرقى كېرىيە، چىرىيە، لوپ، ئىلچى، قاراقاش، گۇما، قاغىلىق، مەكىت، يەكەن، پوسكام ناھىيىلىرى تەۋەلىرى)دە «قىلمىشلىرى ئېغىر»، «ئاق تاغلىق»، «پىر»، «سوپى»، ئىشانلاردىن بەزىلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، مەخپىي ھالدا قول-پۇتىنى باغلاپ چىقالمايدىغان چۆللەرگە ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپ ياكى قول، قۇلاقلىرىنى كېسىۋېلىپ (ئەن سېلىپ قويۇپ) مەيدىۋېتىپ، ياكى گاچا-گاس قىلىپ تاشلاپ، بەدەل ھېسابىدا ئۆچ ئېلىپ تۇرغان. 1671- يىلى ئاپپاق خوجا سوپىلىرى ئىسمائىلخان ئەمەلدارلىرىنىڭ نەسىھەت، توسۇشلىرىغا بوي بەرمەي يەكەندە «قارا تاغلىق خوجىلار»نىڭ ئەدىپىنى يېنىمۇ قاتتىقراق بېرىشكە كىرىشكەن. بۇ ئەھۋالىيەتتە ئىسمائىلخانغا قىلىنىۋاتقان بىر خىل خىرىس ئىدى. ئىسمائىلخان بۇنى سېزىپ قىلىپ، شۇ يىلى يازدا ئاپپاق خوجىنى بىر نەچچە چوڭ شېرىكى بىلەن قوشۇپ قەشقەرىيىدىن زورلۇق كۈچ بىلەن ھەيدەپ چىقارغان. ئۇنىڭ زوراۋان «سوپى»لىرىدىن، قاتىل «پىر»لاردىن بىر نەچچىنى جازالاپ، قالغانلىرىنى تىنچ پۇقرادارچىلىق قىلىشقا بۇيرىغان. قارا تاغلىق خوجا ئىشانلارمۇ خانلىقنىڭ تېگىشلىك قانۇن، چەكلىمىلىرى ئىچىدە پۇقرادارچىلىق قىلىشقا بۇيرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن قەشقەرىيىدە «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» لار ماجىرالىرى بىر مەھەل بېسىقىپ جەمئىيەت تىنجىغان. ئىسمائىلخان 17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جۇڭغارلار بېسىپ ئالغان شىمالدىكى ئۇيغۇر رايونلىرى (ئۈرۈمچى، ئىلى، قۇمۇل، ئالتاي رايونلىرى)نى قايتۇرۇۋېلىش تەييارلىقىغا كىرىشكەن.

### ئاپپاق خوجىنىڭ دالاي لامىدىن تىزلىنىپ مەدەت تىلىشى

ئاپپاق خوجا قەشقەرىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بىر نەچچە شېرىكى بىلەن تولاندىلىق سەيىرىنى باشلاپ، ئاخىرى سېرىقچول (تاشقورغان)دىكى مىڭ تېكە، كۆكتۇرۇك داۋىنىدىن ئافغانىستان تەۋەسىگە ئېشىپ، شۇ يىلى 9 - ئايدا بەدەخشان شەھىرىگە بېرىۋالغان. خۇددى «تەزكىرە پىر ياران»دا كۆرسىتىلگەندەك: «... بۇ زات بەدەخشان دىيارىدا خۇدايى مۇساپىر، خۇدايى ساھىل ...» بولۇپ قالغان. يەنى بەدەخشاندا ھەم تىلەپ، ھەم «دۇئا» قىلىپ يەيدىغان خۇدايى گادايلاردىن بولۇپ كۈن ئۆتكۈزۈش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان. مىلادى 1676 - يىلىغىچە بەدەخ-

شاننى چۆرىدەپ كەشمىر، راجىدان، ۋاخان، پەرغانە، كاسان، ئىلى، تىبەت، ھىرات قاتارلىق جايلاردا دۇئاكويلۇق بىلەن سوپىلىق قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىرى 1677 - يىلى كۆزدە ئۈچ ھەمراھى بىلەن شىنجاڭنىڭ جۇڭغارىيە قىسمىدا شۇ چاغدا ياشىغان تورغۇۋۇت موڭغۇل قەبىلىسىنىڭ 27 - خوپپۇسى (لاماسى) شىڭ جىڭ خوپۇنىڭ دالاينى تاۋاپ قىلغۇچى ھەمراھلىرىغا قوشۇلۇپ، تىبەتنىڭ لخاسا شەھىرىگە بېرىپ، مىڭ تەسلىكتە شۇلارنىڭ تەركىبىي ھېسابىدىن دالاي لاما 5 (ئەسلى ئىسمى دوبىدون سېردىن جامبول لاما) نىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. «بورقۇم ئەۋلىيا» دېگەن قولىيازمىنىڭ «سوقچى ئارخون» دېگەن بابىدا يېزىلىشىچە: ئاپپاق خوجا دالاي ئىبادەتخانىسىغا ئون قېتىم — ئون چارەك سېرىق ياغ ئالغاچ كىرىپ، بۇددىغا باش ئۇرغان، دۇم يېتىپ دۇئا قىلغان. لامانىڭ پەشلىرىنى سۆيۈپ، ئىتەكلىرىگە تاۋاپ قىلىپ، يىغلاپ مەدەت تىلىگەن. دېمەك، بۇ زاتنى ئۇلۇغ تەڭرى ئەنە شۇ چاغدا ئۆز قۇدرىتى بىلەن بۇ خىل رەزىل قىلمىشقا دۇچار قىلىپ، جاھاننىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرىدا قىيناپ، جاپا - مۇشەققەتنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكلىرىگە ئۇچرىتىپ، ئاھۇ - نادامەتنىڭ لايلىرىغا يۇمىلىتىپ، پۇشايمان ئوچاقلىرىدا كۆيدۈرۈپ، خارلىق ۋە ئېتىبارسىزلىقنىڭ كوچىلىرىدا ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ، ئاخىرىدا ئۇنى ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىگە كۆرۈكلىپ باش قويدۇرغان، خەلق، مىللەت ۋە ئىسلام دىنىغا ئاسىيلىق قىلدۇرغان تارىخىي خائىن، لەنىتى ئىنسان، دوزىخى مۇسۇلمان دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويغانلىقىدا شەك يوقتۇر. خۇدادى ئىت ئۆز ئىگىسىنى «خۇدا» دەپ بىلگەندەك، ئاپپاق خوجىمۇ دالاي لامانى بىردىنبىر قۇتقازغۇچى ئەۋلىيا سۈپىتىدە تونۇپ، ئىسمائىل خان ئۇستىدىن دەردىنى تۆككەن، ئەرز قىلغان ھەم ئۇنىڭدىن ئىسمائىل خان ھاكىمىيىتى (قەشقەرىيە ئۇيغۇر خانلىقى)نى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ھەربىي ياردەم بېرىشنى ئىلتىجا قىلغان. بۇ توغرىسىدا «تارىخىي نادىرىيە» دە مۇنداق يېزىلىدۇ: «... مەن مۇسۇلمانلار پىرقىسىنىڭ خوجىسىدۇرمەن. ياركەند، كاشغەر مېنىڭ مۇرىت - مۇخلىسلىرىمدۇر. ھالا بىراۋ كېلىپ مەندىن سويۇپ ئېلىپ مېنى قوغلاپ چىقاردىلەر. سىزدىن تىلەيدۇرمەنكى، كىشى بۇيرۇپ مېنىڭ يۇرتۇمنى قولۇمغا ئېلىپ بەرگەيسىز...»

«بىراھمان - بۇد شېيخى (دالاي لاما 5) ئەيتىپتۇركى: «بۇ يەردىن ئۇ يەرگە كىشى بارمىغى بىسيار دىشۋاردۇر» دەپ ئىلىدىكى قالماقلار تۆرىسى (غالدان قۇنتەيجىگە دېمەكچى — ئا)گە نامە بۈتتىكى: «... ئەي! بۇشۇدىخان خوجا ئاتا باخ بىسيار ئۇلۇغ كىشى ئىكەن. ياركەند، كاشغەرنىڭ خوجىسى ئىكەن. بۇنىڭ يۇرتىنى ئىسمائىلخان سويۇپ ئېلىپ، بۇنى قوغلاپ چىقىرىپتۇر. كېرەككى ئەسكەر بۇيرۇپ يۇرتىنى قولىغا ئېلىپ بەرگەيسىز. ۋاللاھ ئىشى كامال بولغۇسىدۇر. نامە — تامام ...»

ئاپپاق خوجا دالاي لامانىڭ قېشىدا بىر ھەپتىدەك تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن قەشقەرىيە خەلقىنىڭ ئەھۋالى، ئىسمائىل خاننىڭ كۈچ قۇۋۋىتى، ئىچكى ماجرالار، تىبەت- قەشقەرىيە چېگرىسىدىكى تاغ، داۋان، يول، جوداق (بۇدخانا) لار توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەن. شۇ زامانلاردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ياكى شۇ زامانلار توغرىسىدا كېيىنرەك يېزىپ قالدۇرۇلغان بەزى ئۇيغۇرچە، تاجىكچە يازما خاتىرىلەردە مەسىلەن: «بورقۇم ئەۋلىيا»، «لەنىتى رەھمەت» دېگەندەك قولىيازمىلاردا كۆرسىتىلىشىچە: دالاي لاما ئاپپاق خوجىغا ئۆز يەرلىرىنى ئىسمائىلخاندىن قايتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئۆزىگە دائىم ھۆرمەت بىجا كەلتۈرۈپ، گېپىگە كىرىپ، ئادەملىرى بىلەن بىرلىشىپ، لامالارغا دۇئا قىلىپ، دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى شۇلار دېگەندەك قىلىپ تۇرۇشنى تاپىلاپ، مىلادى 1677- يىلى 10- ئاينىڭ 8- كۈنى (دالاي لاما 5 نىڭ لامالىقتا ئولتۇرغان 1- كۈنىنى ئەسلەش ئىبادىتى بولغان كۈنى)

ئاخىرقى دۇئاسىنى بېرىپ «بەرىكەت» (مەخسۇس لاما ھاردىقى) تۇتۇپ مېھمان قىلىپ، ئاخىرىدا يەنىلا شۇ شىلىڭ جىلىڭ خورۇلاما بىلەن قوشۇپ 15 قوتاز بېرىپ، غالدان خۇنتەيجى ھوزۇرىغا ـ غۇلجىغا يولغا سېلىۋەتكەن. ئاپپاق خوجا كۆككۆل (چىڭخەي) ئارقىلىق قۇمۇلغا كېلىپ قىشلاپ، 1678- يىلى باش ئەتىيازدا ئىلىغا كېلىپ، دالاي 5 نىڭ خېتىنى غالدان خۇنتەيجىگە تاپشۇرغان. بۇ چاغلاردا لىخاسا شەھىرىدىكى دالاي لاما ئىبادەتخانىسى پۈتۈن ئاسىيادىكى بۇددىستلارنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان دىنىي مەركىزى بولۇپ، ئۇلارنىڭ دالاي لاماغا بولغان دىنىي ئېتىقادى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. دالايغا چوقۇناتتى، ئەمرىدىن چىقمايتتى.

غالدان خۇنتەيجى مۇشۇ خەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئاپپاق خوجىنى كاتتا ئىززەت ـ ھۆرمەتلەر بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاش (قەشقەرىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ ئۆزىنىڭ «بۈيۈك جۇڭغار» دۆلىتىنى كېڭەيتىش)تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتكەن. ئاپپاق خوجىمۇ قەشقەرىيە تەۋەسىدىكى بەزى شېرىك، مۇرتلىرى بىلەن مەخپىي ئالاقىلەرنى ئورنىتىپ، ئىسمائىل خاننى ئىچكى جەھەتتىن ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىڭ چارىلىرىنى ئىزدىگەن.

## ئاپپاق خوجا قىرغىنچىلىقتا

ئاپپاق خوجا 1678- يىلى 6- ئايدا غالدان خۇنتەيجى قوشۇپ بەرگەن، غالداننىڭ ئوغلى سېرىن رابدان قوماندانلىق قىلىدىغان 12 مىڭ كىشىلىك جۇڭغار قوشۇنىنى ئەگەشتۈرۈپ، قەشقەر تەۋەسىگە بېسىپ كىرىپ، ئىچكى جەھەتتە بىر قىسىم «ئاق تاغلىق» خوجىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، قاتتىق جەڭلەر ئارقىلىق، قەشقەر ھاكىمى ـ ئىسمائىل خاننىڭ ئوغلى باباق سۇلتان باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر سەركەردىلىرىنى تامامەن قىرىپ تاشلاپ، قەشقەرنى بېسىۋالغان. شۇ يىلى 8- ئايدا يەكەنگە ھۇجۇم قىلىپ، 40 كۈن سوقۇشۇپ ئاران دېگەندە يەكەن شەھىرىنىلا ئالغان. «بورقۇم ئەۋلىيا» دا كۆرسىتىلىشىچە: ئىسمائىلخان دۇسۇلمانلار قانلىرىنىڭ بىھۇدە، ناھەق، ئورۇنسىز ئېقىشىدىن ساقلىنىپ قېلىش، ئىشلارنى گەپ ـ سۆز بىلەن، مادارا، مۇرەسسە يولى ئارقىلىق ھەل قىلىش نىيىتىدە ئۇلارغا شەھەر دەرۋازىسىنى قارشىلىقسىز ئاچقۇزۇپ بەرگەن. لېكىن ئاپپاق خوجا كۈچلىرى شەھەرگە كىرىۋالغاندىن كېيىنلا، ئىنتايىن چوڭ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشكە، شەھەرنى ۋەيران قىلىپ تاشلاشقا باشلىغان. يەكەن مۇتەۋەررلىرىدىن قولغا چۈشكەن ھەۋزىبېك قاتارلىق 81 چوڭ ئەربابنى قاتار باغلاپ، بىر باشتىن تىرىك تۇرغۇزۇپ يۈرىكىنى ئېلىپ ئۆلتۈرۈپ، يۈرەك قېنىنى غالدان ئەسكەرلىرىنىڭ قىلىچلىرىغا سۈرتۈپ، قان سۈرتۈلگەن قىلىچلارنى كۆتۈرگەن ئەسكەرلەرنى كوچىلارنى «تەكشۈرۈش»، «تىنجىتىش»، جازالاش ئىشلىرىغا قويۇۋەتكەن. بۇ خىل «تىنجىتقۇچى» قاتىللار يەكەن شەھەر ئىچىدە چوڭ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن، ئوت قويۇپ شەھەرنىڭ بىر قىسمىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. قىرغىندىن قېچىپ شەھەر ئىچىدىكى ئالتۇن مەدرىسكە كىرىپ ئىبادەت قىلغۇچىلار سۈپىتىدە جىم ئولتۇرۇۋالغان مىڭدىن ئارتۇق بىگۇناھ كىشىنى مەدرىسىنىڭ 360 خانىلىق ھۇجرىسى ۋە پۈتۈن مەدرىس بىناسى بىلەن قوشۇپ بىراقلا كۆيدۈرۈۋەتكەن. يەكەن شەھەر ئىچىدە ئەنە شۇ زامانلاردىن بېرى «جىن مەدرىسى» نامى بىلەن يادلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ ئورۇن ــ شۇ چاغلاردا ھەزرىتى ئاپپاق خوجا «ئىلتىپاتى» بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن 1000 دىن ئارتۇق بىگۇناھ ئۇيغۇرنىڭ «جىن» لىرى (روھىناتلىرى) ساقلىنىپ تۇرغان تارىخىي ئورۇندۇر. شۇنداق قىلىپ ئاپپاق خوجا يېتەكچىلىكىدىكى رەھىمسىز جۇڭغار قوشۇنلىرى

يەكەن ئەھلىنى — «قارا تاغلىق» لار نامى بىلەن دەھشەتلىك قىرغان. نۇرغۇن كوچا، مەھەللىلەرنى كۆيدۈرگەن، ئېگىلىگەن ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنى دەپسەندە، ئاياغ - ئاستى قىلغان. ئۇيغۇر خانى ئىسمائىلخاننىڭ ئەسىر ئېلىپ پۈتۈن ئۇرۇق - ئەۋلادى بىلەن قوشۇپ («بىر قىزىم ئەۋلىيا» دا ..... «67 كىشىنى ....» دېيىلگەن) ھەممە تۇخۇمىنى بىراقلا قۇرۇتۇۋېتىش غەرىزى بىلەن ئىلى جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئىختىيارىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. قەشقەرىيىنىڭ ھەممە جايلىرىدا جۇڭغار ئىدارىچىلىق تۈزۈمى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ «يېڭى مەجبۇرىيەت» لىرى ئورنىتىلغان. پۈتۈن خەلق ئۇلارغا شەرتسىز بىردەك ئىتائەت قىلىشقا، قۇل بولۇشقا مەجبۇر قىلىنغان. تېگىشلىك مۇھىم شەھەر، بازار، يۇرتلارنىڭ ھەممىسىدە جۇڭغار قەبىلىلىرىنىڭ مۇقىم تۇرالغۇ- باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىش ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنىپ «دەخلىسىزلىكى» تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلگەن. بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئاپپاق خوجا شۇ يىلى قەشقەرىيىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇرۇشىدا قولغا چۈشكەن «ئەسىر» لەردىن بىر قېتىمدىلا 120 ئورۇندا 400 دىن ئارتۇق «قاراتاغلىق» «چوڭ ئۇرۇش جىنايەتچىسى» نى ئۆلتۈرگەن. 300 «ئىسھاقىيە» چى خوجا، ئىشانىنى «ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى» سۈپىتىدە باغلاپ، چاتاپ ماڭغۇزۇپ. ئىلىغا-غالداننىڭ جازالىشىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. ئاپپاق خوجا ئەمەلدارلىرىنىڭ قەشقەرىيىدىن شۇ قېتىمدا نەچچە مىڭلىغان «تۇتقۇن» خوتۇن - قىزلارنى جۇڭغار ئەسكەرلىرىنىڭ خوتۇن قىلىشى، ئىشلىتىشى ئۈچۈن ئۇدۇرۋايەتلىك «غالجا» لىققا تۇتۇپ بېرىشىپ ھەم بىر بۆلۈم خوتۇن - قىزلارنى يىغىپ غۇلجىدىكى جۇڭغار ئەمەلدارلىرىغا «سوۋغات» ھېسابىدا يوللاپ بېرىشكەن. غالدان سېرىن قەشقەردىن ئىلىغا (دادىسى ئالدىغا) قايتماقچى بولغاندا، ئاپپاق خوجا: «... ئەھلى مەملىكەتنىڭ مەشۋەرىتى بىلەن قورۇق قايتۇرغايلەر» دەپ 4000 ياقا ئېسىل تون، سەرپاي، 400 مىڭ سەر كۈمۈش تەڭگە ....» («تارىخىي نادىرىيە» دىن) يوللۇق تۇتۇپ ھەم شۇ چاغدىن كېيىن ھەر يىلى يەنە 400 مىڭ سەردىن كۈمۈش تەڭگە بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى مەجبۇرىيەت ۋەدىسى قىلىپ، ئەگەشتۈرۈپ ماڭغان «غالجا» لىرى قوشۇپ (ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرى ئىدى) تولۇق قۇللۇق بىجا كەلتۈرۈپ، رازى قىلىپ ئۇزىتىپ قويغان. پاك، پاكىز، باكىر، گۈزەل مۇسۇلمان قىزلىرىنى ئابروي ئۈچۈن ئەڭ ياۋۇز، قانخور، ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرى ھېسابلىنىدىغان بىر بۆلۈم قاراپېس زالىملارنىڭ قولىغا «تۆھپە»، «ئولجا»، «غەنىمەت» قىلىپ «تەقدىم» قىلىش، تۇتۇپ بېرىش — مۇھتەرەم ئاپپاق خوجا ئىدىيىسىنىڭ ئەڭ يىرگىنىشلىك خاسىيىتىدۇر.

## ئاپپاق خوجا «خان» لىق تەختتە

ئاپپاق خوجا يۇقىرىدىكى چوڭ تۆھپىلىرى بىلەن غالدان قونتەيجى ئوردىسىدىن ئىسمائىلخاننىڭ «ئورنى» نى ئېلىپ مىلادى 1678 - يىلى 10 - ئايدىن ئېتىبارەن قەشقەرىيىگە «خان» لىق قىلىشقا باشلىغان. لېكىن قەشقەرىيە خەلقى ئاپپاق خوجىنىڭ بۇ خىل رەزىل «ھاكىمىيىتى» گە قارشى كۈرەشنى زادىلا توختاتمىغان. 1679 - يىلى ئەتىيازدا ئىسمائىلخاننىڭ ئىنىسى - ئۇچتۇرپان ھاكىمى مۇھەممەد ئىمىنخان (ئىمىرخان) باشچىلىقىدا ئۇچتۇرپان خەلقى ئاپپاق خوجا ھامىيلىقىدىكى جۇڭغار كۈچلىرىگە قارشى كۆتۈرۈلۈپ، ئاخىرى تاجاۋۇزچىلارنى ئاپپاق خوجا بىلەن قوشۇپ قەشقەرىيە تەۋەسىدىن تەلتۆكۈس قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن. 30 مىڭنى تۇتۇۋېلىپ تۇۋا قىلدۇرغان. لېكىن ئاپپاق خوجا بۇ مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، ئىچكى جەھەتتىن قەشقەرىيە تەۋەسىدىكى «ئاق تاغلىق» شېرىكلىرىنى، مۇرت - سوپىلىرىنى قوزغىتىپ، تاشقى جەھەتتىن غالدان قونتەيجىنىڭ يەنە 15 مىڭ كىشىلىك تاللانغان ئاتلىق قوشۇنىنى ئىشقا سېلىپ (كۈچ كۆرسىتىپ) 1679 -

يىلى كۈزدە مۇھەممەد ئىمىن خاننىڭ قان تۆكۈشنى توختىتىش شەرتىگە قول قويۇپ سۇلھىلىشىپ، مۇھەممەد ئىمىن خانغا كۈيئوغۇل بولۇپ، قەشقەرىيىدە شىرىك «خان»لىق ئورنىغا ئىگە بولۇۋالغان. بىر نەچچە ئايدىن كېيىنلا سۇلھىنى بۇزۇپ مۇھەممەد ئىمىن خاننى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈپ، «خان»لىقنى تولۇق ئىگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن 1514 - يىلىدىن 1679 - يىلىغىچە 165 يىل داۋام قىلغان سەئىدىيە ئۇيغۇر خانلىقى ئاخىرلىشىپ، قەشقەرىيىدە ئاپپاق خوجا ۋاسىتىچىلىقىدىكى جۇڭغار (قالماق)لار ھۆكۈمرانلىقى باشلانغان. يەنى قەشقەرىيە جۇڭغار ھەربىي فېئودال خانلىقىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقى جۇڭغار زالىملىرىنىڭ قۇللۇق ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەن.

غالدان ئاپپاق خوجىنى قەشقەرىيىگە «خان» قىلىپ تەيىنلىگەندىن كېيىن، ئىلىنى پايتەخت قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى پەۋقۇلئاددە ياۋۇزلۇق بىلەن داۋاملاشتۇرغان. بۇ توغرىدا «تارىخىي ھەمىدىيە»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «قالماقلار خوجىلار بىلەن بىرلىشىپ شىرىكلىك بىلەن يۇرتنى سورايدىغان بولدىلەر. بىر تورەنج (بىر نەسەپ) قالماقلار بىر شەھەردە تۇرىدىغان بولدى. خوجىلار باج - خىراج ئورنىدا ھەر يىلدا ئىلىغا ماتا، پۇل چىقىرىپ تۇردىلەر... خوجىلارمۇ قونتەيجى پەرمان - ئىتائىتىگە بويسۇنۇپ، ھەر يىلدا بىر ۋە يا ئىككى نۆۋەت تارتىق - پېشكەش بىلەن چىقىپ كۆرۈنۈش قىلىپ، جاۋاب بولغانلىرىدا يېنىپ كېلىپ ھەرقايسىلىرى ئۆز جايلىرىدا بەر قارار بولۇر ئىكەنلەر...»

بىزنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىمىزدا پەيدا بولغان تۇنجى قورچاق «ھاكىمىيەت» ــ ئەنە شۇ ئاپپاق خوجا «خان»لىقىدۇر. بۇ خانلىقنىڭ ھىمايىسىدىكى جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى ئەنە شۇ چاغلاردا قەشقەرىيىدىن مىڭ - مىڭلاپ گۈزەل ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنى، ماھىر ھۈنەرۋەن، ئالىم، سەنئەتكار، يازغۇچى، دوختۇر، ئۆلىما، مۇدەررىسلەرنى «ئەسىر» قىلىپ توتوپ ئېلىپ كېتىشكەن. قەشقەرىيە خەلقىدىن ھەر يىلى سانسىزلىغان ئېغىر سېلىقلار (ئالتۇن، كۈمۈش، يىپەك، توقۇلما، قول ھۈنەر بويۇملىرى، تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى قاتارلىقلار) نى ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ تۇرغان. بۇ خىل سېلىق توغرىسىدا «تارىخىي نادىرىيە»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «... ئەھلى بىدئەتلەر (تۆۋەن قاتلام نامراتلا دېمەكچى - ئا) سائەتەن - بىسائەتەن (ھەر ۋاقىت، ۋاقىتسىز ــ ئا) زىيارە قىلىپ (نارازىلىق بىلدۈرۈپ ــ ئا) ... پەقىرلەر باشتىن خالى بولماي (نامراتلارنىڭ باش ئاغرىتىشى تۈگىمەي ــ ئا) ئارانلىقتا ھەر يىلدا 400 مىڭ سەر تەڭگە، توختىدىلەر...»

ئاپپاق خوجا بولسا، خۇددى «تەزكىرەئى پىر ياران»نىڭ تەرىپات بابىدا تەرىپلەنگەندەك: «تەخت - سەلتەنەتتە ئولتۇرۇپ، ھەممىشە مەسنەۋى شېرىپ ئوقۇپ، رەئىيەگە (پۇقرالارغا) تەرىقەت، مەرىپەت، شەرىئەت بابىدا شېكەردەك سۆزلەرنى چېچىپ، ئاللاھتىن بەندىلەرگە «دىيانەت، ئىنساپ - تەۋپىق، ئىمان، شۈكرە - قانائەت تىلەپ ۋە ئۇلارنى ساھىب كامال قىلىپ، ياخشى ئىستىقبالغا باشلاپ ...» تۇرغان. دەرۋەقە ئاپپاق خوجا «تەخت - سەلتەنەت»كە چىققاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بارلىق ھوقۇق، كۈچ - ئىمتىيازلىرىنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى سۇندۇرۇپ، كۈچ، مادارىدىن تولۇق كەتكۈزۈشكە ھەم ئۇلارنى تاجاۋۇزچىلارنىڭ قانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى قارشىلىقسىز، شەرتسىز، تەخىرسىز، دائىم، تولۇق، يۇۋاشلىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان «مۆمىن» مەھكۇملاردىن قىلىپ ئۇتتۇشقا ۋە بۇ خىل ھالەتنى ئەجدادلىرىمىز ئېڭىغا «تەقدىر» ئۇقۇمى بىلەن سىڭ

دۇرۇش (پەقەت بويسۇنۇشقا «يارىتىلغان» لىقىغا تەن بەرگۈزۈشكە، قارشىلىق قىلالمايدىغان قىلىۋېتىش) كە سەرپ قىلغان. بۇ بىزگە تارىختا تۇنجى قېتىم تېڭىلغان ئاپپاق خوجىچە «ئىستىقبال» دۇر. شۇنداقلا بۇ، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تارىختا تۇنجى قېتىم باسقان پۇشايمانلىق خاتا قەدەمدۇر. دېمەك، ئاپپاق خوجا زامانىنى ئەجدادلىرىمىز ئالدانغان، جاھالەت پاتقىقىغا پاتقان، شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى بۇزۇلغان لەنىتى جاھان دەپ قاراشقا تامامەن ھەقلىقمىز.

ئاپپاق خوجا «تەخت» كە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ «ئىشقىيە» سۇلۇكىنى ئاساس قىلغان سوپىزىمنى ئۆز «خانلىقى» نىڭ «دۆلەت» دىنىي ۋە «دۆلەت» تەلىماتى قىلىپ جاكالاپ، باش قانۇن سۈپىتىدە ئىجرا قىلغان، يۈرگۈزگەن. 300 مىڭدىن ئارتۇق مۇرىت قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ «سوپىلىق يولى» نى پۈتۈن شىنجاڭغا ھەتتا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىغا كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىشتا سەپەرۋەر قىلغان. قەشقەردە «خان خوجا ئوردىسى» يەكەندە «ئالتۇنلىرىم» (ئالتۇن مازىرى)، تۇرپاندا «ئەسھابۇل كەھف»، كوچادا «مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا»، ئاقسۇدىكى «قۇرمىش ئاتام» قاتارلىق مازارلارنى تاللاپ ياكى «مازار» قىلىپ تىكلەپ ھەم بۇ ئورۇنلارنى سوپىزىمنى تارقىتىدىغان، كېڭەيتىدىغان مەركەزلەرگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق، پۈتۈن شىنجاڭدا سوپىلىق ھەرىكىتىنى يەنى ئىسلام دىنىنىڭ «شىئە»، «سۈننىي» مەزھەپلىرىگە ياكى بۇ مەزھەپلەرنىڭ ھەرقانداق تارماق، بۆلەكلىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان، «ئۇلۇغ ئىسلام دىنىي» شوئارى ئېگىز كۆتۈرۈلگەن «تەرىقەت»، «شەرىئەت»، «مەرىپەت»، «ھەقىقەت» ماركىلىرىنىڭ ھەممىسىلا چاپلانغان، پەقەت چوڭ پىر، خوجا، ئىشانلارنىلا دىنىي مەركەز، دىنىي يېتەكچى قىلىۋالغان، ھەددىدىن زىيادە زۇلمەتلىك ئاپپاق خوجىچە سوپىزىم ئىستىبداتلىقىنى جانلاندۇرۇۋەتكەن. نەتىجىدە پۈتۈن قەشقەرىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى قەۋەت ھالقىلىق ساپايە، كۆپ پۈتاق كۆزلۈك سوتا (خاسلا سوپى كالتىكى) كۆتۈرۈۋالغان، تىكىشى يوق يوغان يەنجە (قەلەندەر خالتىسى) يۈدۈۋالغان، بېشىغا ئۇزۇن كولا، ئۇچىسىغا يەكتەك، ياقىسىز «سوپىچە كىيىم» لەرنى كىيىشىۋالغان رەھىمسىز، ئەسەبىي، نادان، بەدقىلىق «تىلەمچى» ئەمەلىيەتتە بۇلاڭچى سوپىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جەمئىيەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ سوپى، مۇرىتلار ئەمەلىيەتتە ئاپپاق خوجىچىلار تەرىپىدىن ئاپپاق خوجىغا سادىق بولۇشقا، ئۇنىڭ «ئىشقىيە» يولىدا ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىشقا، ئۇنىڭ بۇيرۇق، تەلىم، چاقىرىقلىرىنى قەتئىي، شەرتسىز، قارىغۇلارچە ئورۇنلاشقا، خوجا ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرۈشكە، ھەر قانداق ئىشتىن يانماسلىققا، ئۆلۈمدىن قورقماسلىققا، سىر ساقلاشقا، «ئاللاھ ئاتا قىلغان» بارلىق «مەئىشەت» لەردىن قانغۇدەك پايدىلىنىپ تۇرۇشقا ئۆگىتىلگەن دىنىي چېرىكلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ سۆزلەيدىغان ۋە ئىجرا قىلىدىغىنى: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرە، چەۋرىلىرىدىن بولغان ئاپپاق خوجا ھەزرىتى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئىلمىنىڭ ۋارىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي، سىياسىي داھىسى، پۈتۈن ئەھلى ئىسلامنىڭ ئەڭ ئالىي يېتەكچىسى، ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرگەن، قارشى چىققانلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىمىز، ئۆلتۈرىمىز ياكى ئۆلىمىز دېگەندەك ئەڭ ئەسەبىي شوئار ھەم پائالىيەتلەر ئىدى. «...پىرلەرنىڭ غەزىپىدىن-زۇلمىدىن، زامانىنىڭ خېيىم-خەتىرىدىن، كۈندۈزنىڭ قازاسىدىن، كېچىنىڭ بالاسىدىن، قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتتىن، زەخمەتلىك سوئال-سوراقتىن، بالادىن-قازادىن، دەردتىن-ئەلەمدىن، كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن، تىلى يامانىنىڭ تىلىدىن، دىلى يامانىنىڭ دىلىدىن، ئىبادەتسىز دۇئادىن، لەنىتى رەھمەتتىن، نەپسى يامان ئىنسان، پىشكەل سوپىدىن، خۇنخورنىڭ كۈلكىسىدىن، ئىنساپسىز خوجىدىن، ئاغرىقتىن-سىلاقتىن پاناھ

بېرىلىك خۇدايىم... (1)» دېگەن ئىلتىجالىق دۇئا ـ تىلەكلەر ئاپپاق خوجا زامانىسىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن كېچىرمىش ناملىرىدۇر. بىز بۇ دۇئا ـ تىلەكلەر قۇرۇلمىسىدىن ئاپپاق خوجا جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى ھالىتىنى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارتقان زۇلۇم، كۆرگەن دەرد ـ ئەلەملىرىنىڭ نەقەدەر ئېغىر بولغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز، ئەلۋەتتە.

دېمەك، ئاپپاق خوجا زامانى ـ قەشقەردىيىنى پۈتۈنلەي زۇلۇم، خۇراپات، نامراتلىق، ۋەھىمە، جەڭگى ـ جېدەل، خۇنخورلۇق، قاچ ـ قاچ راسا قاپلىغان ۋە قان پۇراپ تۇرغان زامانىدۇر. چىداشقا «تەقدىر» پەتىۋاسى بىلەن ئەنە شۇنداق «كۆندۇرۇلگەن» ئۇيغۇر خەلقى تىرىكچىلىك، ئىنسانچىلىق قىزغىنلىقلىرىدىن بوشاپ، ئەۋھا پەرەسلىكىنىڭ (دىنىي، روھىي ۋەھىمەنىڭ) دەردىدە چىرايلىرى توپا ـ تەرەت، ئۈستى ـ بېشى جۇلجۇل، جەندە، كۆلالىق سوپىلار، دەرۋىشلەر، شەيخلار، قەلەندەرلەر، ھەر شەكىلدىكى تەركىي دۇنيا ئىبادەتچىلەرنىڭ توپلىرىغا ئەگىشىپ، جانىنىمۇ، جاھانىنىمۇ ئۇنتۇپ، «ئۇ دۇنيالىقىنىلا ئويلاپ» ئىمانى كامىللىقتا يەنى ئاتالمىش «ئاخىرەت» نىڭ غېمىنى قىلىشقا بەنت قىلىنغان. شۇڭا ئۇ جەمئىيەتتىن سانسىزلىغان مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىز ياشاش، كۈن ئېلىش ئۈمىدى بىلەن ئۆي ـ ماكان، پەرزەنت، ئاتا ـ ئانىلىرىنى تاشلاپ قۇرۇق قول، غەيرىي يۇرت، چەت ئەللەرگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ تۇرغان.

ئاپپاق خوجا ۋە ئاپپاق خوجىچىلار زامانىسىدا قەشقەردىيىدە مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مۇزىكا، ناخشا، ئۇسسۇل، گۈزەل سەنئەت، تىياتىر، سېرىكچىلىك، تىبابەتچىلىك، مەتبەچىلىك، تەرجىمە، خەتتاتلىق... تەك بارلىق ئىلمىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى قەتئىي مەنئىي قىلىۋېتىلگەن. بۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار «كاپىر»، «جادۇگەر»، «مۇرتەد» لەر ھېسابلىنىپ جازاغا تارتىلىپ تۇرغان، ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. ھەتتا خەت يېزىشنى ئۆگىنىش، ساز ئۆگىنىش، ياساش، مەشرەپ ئويناش، ئويۇن ـ كۈلكە، خوتۇن ـ قىزلار پەرەنجىسىز، ئاشكارا يۈرۈش قاتارلىق ئادەتتىكى ئىجتىمائىي ئىنسانچىلىق خىسلەتلىرىمۇ قەتئىي مەنئىي قىلىۋېتىلگەن. پۈتۈن جەمئىيەتتە قۇرئان ۋە ھەپتىيەكتىن باشقا بارلىق يېزىلما ئەسەرلەر، بولۇپمۇ مىللىي ئەسەرلەر، خاتىرە، نەمۇنىلار كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، يوق قىلىپ تاشلانغان. ئىلىم ـ مەرىپەت ئورۇنلىرى بۇزۇۋېتىلگەن، چەكلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئورنىغا زىكرى ـ سۆھبەت خانىقالىرى، گۈلەخ، سازايىي ھەممىدانىلار (توۋا قىلدۇرۇش ئورۇنلىرى)، خوجا، ئىشانلار تۇرالغۇ جايلىرى، ئەمەلدار بىنالىرى دەسسىتىلگەن. پۈتۈن جەمئىيەتتە دۇئا ـ تالاۋەت، خەتمە، ئىستىغپار ئوقۇش (ئاللاھتىن «گۇناھ»نى تىلەپ تۇرۇش) ئاممىۋى ئىجتىمائىي مەشغۇلاتقا ئايلاندۇرۇلغان.

## ئاپپاق خوجا «ھاكىمىيىتى» نىڭ يىمىرىلىشى

ئاپپاق خوجا 1694 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۆزىنىڭ تاغىسى خوجا ئىسھاقنىڭ كۆكۈن نەۋرىسى (ئابدۇللا خوجىنىڭ ئوغلى) شۇ ئەيىپ خوجىنىڭ قاتىلى سوپىتى بىلەن ئابدۇللا خوجا جەمەتلىرى تەرىپىدىن يەكەندە مەخپىي زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈلگەن. چۈنكى ئاپپاق خوجىمۇ

(1) بۇ دۇئادىكى ئىلتىجالار ـ قارا قۇرۇم چوپانلىرى (ئۇيغۇر چارۋىچىلار) نىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى تەركىبىدە ساقلىنىپ، (قەلەمگە ئېلىنىپ) توپلام شەكلى بىلەن مېنىڭ قولۇمدا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان خاتىرىدىن ئېلىندى؛

ئۆز ۋاقتىدا «تەخت»كە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆزى بىلەن بولغان كۈرەشتە يېڭىلىپ كەشمىرگە قېچىپ كېتىۋالغان «قارا تاغلىق» «ئىسھاقىيە»چىلەرنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بىرى — تۆتىنچى ئەۋلاد تۇغقىنى شۇئەيب خوجىنى كەشمىرگە خەت يېزىپ ئالداپ ئەكەلگۈزۈپ تېزناپ بويىدا سوپىلىرىغا ئۇرۇپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەنىدى. بۇ بەدەل ھېسابىغا ئاپپاق خوجا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خوتۇن، بالا - چاقىلىرى ئارىسىدا تەخت تالىشىش جېدىلى كۆتۈرۈلگەن. ئاپپاق خوجىنىڭ كىچىك خوتۇنى مۇھتىرەم خېنىم ئۆزىنى «خانىم پادىشاھ» ئېلان قىلىپ، ئوغلى خوجا مەھدىنى «تەخت»كە ئولتۇرغۇزۇپ، «پادىشاھ ئىشان»لىق تونىنى كېيگۈزگەن. بۇنىڭغا نارازى بولغان خوجا يەھيا (ئاپپاق خوجىنىڭ مەكتىلىك چوڭ خوتۇنىدىن بولغان، مۇھتىرەم خېنىمغا ئۆگەي چوڭ ئوغلى) «تەخت»تالىشىپ ئوردىدا سوپىلار ئۇرۇشىنى قوزغىغان. نەتىجىدە «ھاكىمىيەت»نىڭ نۇقتىسىنى تۇتۇ-ۋالغان «خانىم پادىشاھ» ئۆز ئەتراپىدىكى كۈچلىرى بىلەن خوجا يەھيانى ئىككى ئوغلى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن. ئۇنىڭ تەرەپدارى قەشقەر ھاكىمى ئىمىن بەگ قاتارلىق بىر مۇنچە چوڭ ئەرباب-لارمۇ يەنىلا «خانىم پادىشاھ» تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنغان. «تارىخىي نادىرىيە»دە خانىم پادىشاھ توغرىسىدا مۇنداق يېزىلغان: «...خېنىم پادىشاھ ۋاقتىدا شۇنداق خۇنرىزلىق (خۇنخورلۇق — ئا) يولىدىكى ئىككى كىشى ئۇرۇشۇپ كەلسە، ھەر ئىككىسىنىلا ئۆلتۈرەر ئەردىلەر. ئۆزىنىڭ بىر سىڭلىسى بولۇپ × × خېنىم دەر ئەردىلەر. بىسيار ساھىبجامال (بەك چىرايلىق — ئا)، تۇغمىغان ئەردى. ئۇنى ھەم رەشكتىن (كېچىرگىسىز گۇناھكار دەپ — ئا) قايناق ياغقا تاشلاپ ياغدا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردىلەر. ھەممە خەلق ئۇنىڭدىن ۋەھشەتناك (ۋەھشىلىكتە سەسكىنىپ — ئا) بولۇپ، ئۇنى «جاللات خېنىم» دەپ ئاتىدىلەر ...» ① جاللات خېنىم 1697 - يىلىغىچە «خان»لىق قىلىپ، شۇ يىلى كۈزدە يەكەندە مەكتىلىك سوپىلار (ئاپپاق خوجىنىڭ چوڭ خوتۇنىنىڭ تۇغقانلىرى تەرىپىدىن خوجا يەھيانىڭ قىساسى ئۈچۈن) تەرىپىدىن يوشۇرۇن پىچاقلاپ ئۆلتۈ-رۈلگەن. شۇ يىلى ئۇچتۇرپان تەرەپتىن مۇھەممەد ئىمىن خاننىڭ ئىنىسى جاللات خېنىمنىڭ ئاكىسى ئاقباش ئىشان (ئارسلانخان) يەكەنگە كېلىپ سىڭلىسىنىڭ «قىساسى» ئۈچۈن خۇددى «تارى-خىي نادىرىيە» دە: «...سوپىلارنىڭ چوڭلىرىدىن 1000 كىشىنى تۇتقۇزۇپ، بىردىنى بىرىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، قويدەك بوغۇزلاپ قېنىدا تۈگمەن چۆرۈتۈپ، ئۇن تارتىپ يېدىلەر...» دېيىلگە-نىدەك چوڭ قىرغىنچىلىق پەيدا قىلغان. قەشقەر سوپىلىرى خوجا يەھيانىڭ ئۈچىنچى ئوغلى خوجا ئەھمەدنى قەشقەرگە «خان» قىلىپ، جاللات خېنىم تەرىپىدىن قەشقەرگە قويۇلغان ھاكىم موللا شەۋقى خوجىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. خوجا مەھدىمۇ مۇرت، مۇخلىسلىرىنى يىغىپ «قاراتاغلىق»-لارنىڭ يېتەكچىلىرىدىن خوجا مەخسۇد باشلىق بىر قانچىسىنى «چالما كېسەك» قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، چەتئەلگە قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاخىرى يەنىلا خوجا ئىسھاقچىلار تەرىپىدىن سەپەر ئۈستىدە زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنداق قىلىپ 1678 - يىلىدىن 1697 - يىلىغىچە قەشقەردە 19 يىل داۋام قىلغان ئاپپاق خوجا «خان» لىقى ئاخىرى ئەنە شۇنداق پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەر بىلەن ئىسھا-قىيە خوجىلىرى («قاراتاغلىق» خوجىلار) نىڭ يېتەكچىسى — دانىيال خوجا تەرىپىدىن تەلتۆكۈس ئاغدۇرۇپ تاشلانغان.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

① «بورقۇم ئەۋلىيا» دا يېزىلىشىچە: ياغقا تاشلاپ ئۆلتۈرۈلگەن بۇ بىچارە قىز ئاپپاق خوجا تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان ئىسمائىل خاننىڭ ئەڭ كىچىك قىزى — 18 ياشلىق بۈۋى زەينەپ ئىسىملىك قىزدۇر. بۇ قىز شۇ چاغلاردا شائىر زەلىلىنىڭ شېئىرلىرىنى يادلاپ يۈرگەنلىك «گۇناھى» بىلەن بۇ جازاغا يولۇققان.




## چۈچۈك مىسرالار

غەيرەتجان غوپۇر (ئوقۇغۇچى)

### يۇلتۇز ئىزدەش

قارىمايمەن ئاسمانغا،
قارايمەن تەكلىماكانغا.

### شائىر

كېچە،
ئالەم ئۇخلىتار ئادەمنى،
لېكىن بىر دەريا،
ئويغاتماقتا ئادەمنى.

### شىر ۋە شېئىر

شىر ھۆركىرىدى،
تىترىدى ئورمان.
شېئىر تىنىدى،
تىترىدى جاھان!

### ئاتام، ئانام ۋە مەن

تەڭرى تاغقا ئوخشايدۇ ئاتام،
ئانام بوغدا كۆلىگە.
مەن ئۇندا بۈركۈت،
مەن ئۇندا بېلىق.

## شائىر خىسلىتى

ئىلھامجان ئابلىز (ئوقۇغۇچى)

خىياللىرىڭ يۇلتۇزلۇق ئاسمان،
تەبەسسۇمىڭ باھار جىلۋىسى.
ئۇيۇقتا لەۋ ياقمىسەن ھامان،
ئەقىدەڭدۇر قۇياش سۆيگۈسى.

پاك قەلبىڭدىن تۆكۈلىدۇ زەر،
كۆز نۇرۇڭدا يورۇيدۇ خىلۋەت.
چاڭقاق دىلغا سۇنۇپ چەشمىلەر،
سەن ئۈمىدكە ئۈندەيسەن ھەررەت.

سېنىڭدە بار ئىزگۈ، ھاياجان،
ئىزدىنىشقا بولمايسەن ھېرىس،
كۆزلىرىڭنى تۇسالماس مانان،
چۈنكى ھېسسىڭ مۇھەببەت - پاك ھېس.

ھۆرلۈك چىللاپ تىنمايسەن پەقەت،
پاك ھېسلىرىڭ داۋقۇنلۇق دەريا.
تاغ خىسلىتى سەندىكى خىسلەت،
شۇ خىسلەتتە گۈزەلدۇر دۇنيا.

# شائىرلارنى ھۆرمەتلەڭلار ئادەملەر

ئابدۇكېرىم مەخسۇد

شائىرلارنى ھۆرمەتلەڭلار ئادەملەر،
ئۇ سىلەرگە بەخت تىلەپ ياشايدۇ.
كۆيلىرىدىن سېلىپ رەڭدار پايانداز،
سىلەرنى ئۇ گۈلشەنلەرگە باشلايدۇ.

شائىرلارنى ھۆرمەتلەڭلار ئادەملەر،
ئۇ سىلەرنىڭ تىلەكلار ھەم دىلىڭلار.
تاغدەك قايغۇ كەلسە يۇتار ئىچىگە،
شادلىقىنى يازار تىنماي، بىلىڭلار.

شائىرلارنى ھۆرمەتلەڭلار ئادەملەر،
بېشى كۆككە يەتەر سىلەر كۈلسەڭلار،
كىرپىك قاقماي قانچە تاڭنى ئاتقۇزار،
سىلەر بىلەن مۇڭدىشىپ ئۇ، بىلسەڭلار.

شائىرلارنى ھۆرمەتلەڭلار ئادەملەر،
ئۇنىڭ كۆڭلى يەنە ئازاب چەكمىسۇن.
ئەل - ۋەتەنىنىڭ ئىشقى بىلەن يۇغۇرۇلغان
ساپ يۈرىكى ھەسرەت بىلەن تەپمىسۇن.

شائىرلارنى كەمسىتمەڭلار ئادەملەر،
تالاشمايدۇ ئۇلار تۆرنى، ئورۇننى.
پەگادىمۇ ئۇ ئۆزىنى بەگ سانار،
ئىشقى بىلەن جانلاندۇرار سورۇننى.

شائىرلارنى ھۆرمەتلەڭلار ئادەملەر،
شائىر مەڭگۈ دەم ئېلىشنى بىلمەيدۇ.
شائىرلىقنىڭ خىسلىتى شۇ بىلسەڭلار،
ئىنسان ئۆلەر، شائىر مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ.

# تەھرىرگە

ھۆسەن روزى


ئەي تەھرىر، ئەسلىدىم سىزنى ھۆرمەتتە،
يازدىم شېئىر سېغىنىپ قىلچە غەرەزسىز.
بىر گۈلمەن كېچىكىپ باغدا ئېچىلغان،
بىر ئىشچان ھەرىمەن لېكىن زەھەرسىز.

كۆردۈمەن ژۇرنالدىن خۇش چېھرىڭىزنى،
ۋاقتىڭىز كىرىدېيتۇ چېچىڭىزغا ئاق.
ئاق ئىكەن دىلىڭىز، نىيىتىڭىز ھەم،
تۇيغۇڭىز، سەزگۈڭىز دەريادەك ئۇيغاق.

زەرگەردەك سىنايسىز ئالتۇننى ئوتتا،
غەۋۋاستەك ئىزلەيسىز دېڭىزدىن گۆھەر.
تاپىسىز جاۋاھىر توپا ئاستىدىن،
مۇئەللىپ ھەر قاچان سىزدىن سۆيۈنەر.

ئۆتمىسىز مىننەتسىز خالىسلىق بىلەن،
ئەڭ نادىر جەۋھەرنى ئەلگە تونۇتۇپ.
يات سىزگە تەمەننا، ماختىنىش، كىبىر،
كېتىسىز تاماق ھەم دەمنى ئۇنۇتۇپ.

يېتەتتى قۇربىڭىز كۆكتە چاقناشقا،
يېتەتتى نى مۇھىم ئىشقا چامىڭىز.
ئاھ تەھرىر!
مېھرىڭىز سىڭگەن قەلبلەر—
كۆكتە پارلايدۇ ئۆچەس نامىڭىز.




ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا

تۇرپان، قۇمۇل ئىنسانىيەت تارىخىدا پارلاق مەدەنىيەت نەمۇنىلىرى ياراتقان دۇنياغا مەشھۇر قەدىمىي جايلاردىن. ئەنە شۇنداق پارلاق مەدەنىيەتنىڭ بۈگۈنكى ۋارىسلىرىدىن بولغان تۇرپان، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى يىراق ئۆتمۈشتىن بۇيانقى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيەتلىرى جەريانىدا شەكىللەنگەن گۈزەل ئەنئەنە، مەزمۇنغا باي رەڭدار ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

مەن بۇ ماقالىدە تۇرپان، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ پۈتۈن مىللەتكە ئورتاق بولغان ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەكرارلىماي، ئاساسەن 100 ياشتىن ھالقىغان ۋە 80—90 ياشلىق بوۋاي، مومايلارنىڭ ئەسلىمە، تونۇشتۇرۇشى ھەم ئۆزۈم بىۋاستە تەكشۈرۈش جەريانىدا ھېس قىلغان مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكلىرىنىلا تونۇشتۇرىمەن.

## ئىگىلىك ئادەتلىرى جەھەتتە


تۇرپان، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى دېھقانچىلىق، قوشۇمچە چارۋىچىلىق، قول سانائەت، سودا-تىجارەتنى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئۆز تىرىكچىلىكىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى قىلىپ كەلگەن، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئەنئەنىۋى ئىگىلىك تەركىبىگە ئايلىنىپ قالغان.

تۇرپان بىلەن قۇمۇل تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى پايانسىز چۆل - جەزىرە ئىچىگە جايلاشقان بوستانلىق. بولۇپمۇ تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى، ھاۋا كېلىماتى ئۆزگىچە بولۇپ دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتر پەس. يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 16·6 مىللىمېتر، ياز پەسلى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 40 گرادۇس ئەتراپىدا بولىدۇ. تۇرپان ئەزەلدىن سۇ قىس بىر رايون. ئەجدادلىرىمىز ئەنە شۇنداق يەر تۈزۈلۈشى، ھاۋا كېلىماتى ئۆزگىچە بولغان، ئەزەلدىن سۈيى قىس، «ئوت يۇرتى» دەپ ئاتالغان بۇ رايوندا كارىزنى ئىجاد قىلىپ، كارىز سۈيىگە تايىنىپ بۇغداي، قوناق قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا پاختا، قوغۇن ۋە دۇنياغا مەشھۇر «تۇرپان ئۈزۈمى» قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈپ، تۇرپاننى تەڭرىتېغى ئېتەكىدىكى گۈزەل بوستانلىققا ئايلاندۇرغان.

## ئائىلە باشقۇرۇش ئادەتلىرى جەھەتتە

تۇرپان، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىدا ئائىلە باشقۇرۇش جەھەتتە، تۆۋەندىكىدەك بىر يۈرۈش ئەخلاق، ئادەت، قائىدىلەر ئومۇملاشقان:

1. چوڭ دادا ھايات شارائىتتا ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئەۋلاد بىر ئائىلىدە ئۆتۈش، ھەممە



ئىشتا چوڭ دادىنىڭ ئاغزىغا قاراش، ئۇنى ئۇلۇغلاش ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئايلانغان. چوڭ دادا ئۆينىڭ تۈۋرۈكى، بەرىكەت چىرىقى ھېسابلىنىپ، ئائىلە ئەزالىرى خۇدادىن ھەردائىم ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدۇ، ئۇنىڭ مەسلىھەتىسىز ئىش قىلىنمايدۇ؛ ھەرقانداق نازۇ - نېمەت، غىزا- تائامنىڭ باش بۇرنى ئۇنىڭغا ئاتىلىدۇ.

چوڭدادا، چوڭ ئانا، جۈملىدىن ئاتا-ئانىغا ۋاپاسىزلىق قىلىپ، رەنجىتىپ قاغىش ئالغانلار جەمئىيەتنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ.

2. ئاتا - ئانا ھايات ۋاقتىدا بالا- چاقىلىق بولغان ئوغۇللار ئاتا - ئانىنىڭ رايىغا باقماي بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتسە، «ۋاپاسىزلىق»، «ئائىلە ئەنئەنىسىدىن يۈز ئۆرىگەنلىك» دەپ قارىلىدۇ ۋە جامائەتچىلىكنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ.

3. ئائىلە ئەزالىرىغا چوڭقۇر دىنىي تەربىيە بېرىش بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ئادەتكە ئايلانغان. شۇڭا، ئەرلەر ئىچىدە قارى، ئاياللار ئىچىدە بۈۋى بىر قەدەر كۆپرەك چىقىدۇ.

## ئولتۇرۇق ئادەتلىرى جەھەتتە

تۇرپان، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆي شەكلى، ئۆيلىرىنىڭ ياسىلىشى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، باغ-ھويلا قىلىنىشىدا، پەقەت ئۆيلىرىنىڭ ئىچكى-تاشقى بېزەك شەكلىنىڭ بىر قەدەر ئاددىي بولۇشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا رايونلاردىكى ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا، ئۆزگىچە ماھىيەتلىك پەرق يوق. ئەمما، تۇرپاندا ئولتۇرۇق ئۆيلەر ياپما ئۆي، كېمەر ئۆي دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. ياپما ئۆي: كېسەك، ياغاچ بىرىكمىسى ئاساسىدا ياسالغان ئۆيلەرگە؛ كېمەر ئۆي: ئىشىك، دېرىزىسىگە ياغاچ ئىشلىتىلگەندىن باشقا، قالغان قىسمى پۈتۈنلەي كېسەك بىلەن سېلىنغان ئۆيلەرگە قارىتىلىدۇ.

كېمەر ئۆينىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئادەتتىكى ياپما ئۆيلەردەك بولۇپ، تورۇس، ئۆگزە قىسمى يا شەكلىدە كېلىدۇ، ئېگىزلىكى ئادەتتە تۆت مېتىر ئەتراپىدا، كەڭلىكى، ئۇزۇنلۇق ئېھتىياجىغا قاراپ مەلۇم ئۆلچەم نىسبىتىدە بولىدۇ، ئادەتتە ئۇزۇنىغا سەل ئۇزۇنراق كېلىدۇ. كېمەر ئۆينىڭ قۇرۇلۇشى ئۆزگىچە بولۇپ، تۆت تېمى 25 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتە قوپۇرۇلۇپ ئاندىن ئۆينىڭ ئوتتۇرا مەركىزىگە قارىتىپ ئىككى ياندىن يا شەكلىدە كېسەك بىلەن كېمەرلىنىپ تۇتاشتۇرۇلىدۇ، كېسەك ئۆز ئۇزۇنلۇقى بويىچە يانتۇسىغا قىرلاپ قويۇلىدۇ، كېمەرلىنىپ ماڭغاندا، باشتىن - ئاخىر بەلگىلىك گرادۇستىكى يانتۇلۇق ئۆلچىمىنىڭ ساقلىنىشى شەرت قىلىنىدۇ، شۇڭا يانتۇلۇقى، تارتىش كۈچى تەڭپۇڭلۇقى تەكشى بولۇپ، قىڭغىر - قىيسىق چىقمايدۇ، ئاسانلىقچە كۆمتۈرۈلۈپ چۈشمەيدۇ. ئىشىك، ئالدى توغرا تام تەرەپتىن قويۇلىدۇ. كېمەر ئويىگە ئادەتتە دېرىزە قويۇلماي، تۈڭلۈك قويۇلىدۇ. ئەگەر دېرىزە قويۇلسا، ئارقا توغرا تامغا چىقىرىلغان ئويۇق - تەكچىنىڭ (تۇرپان، قۇمۇلدا ئويۇق «لىمتاق» دەپ ئاتىلىدۇ) ئۈستى تەرىپىگە ياكى يان تامغا (مورا ئوچاقنىڭ تۆر تەرىپىدىن) كېمەرلىشكە باشلىغان قىسمىغا تاقاپ قويۇلىدۇ. ئۆينىڭ ئىچى - تېشى سامانلىق لايدا سۇۋۇلىدۇ، بولۇپمۇ ئىچىنىڭ سۇۋۇقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، ئۈستىمۇ سامانلىق لاي بىلەن مەلۇم قېلىنلىقتا سۇۋۇلىدۇ. ئۆي ئىچىنىڭ سول يان تېمىغا چوڭ - كىچىك ئويۇقلار چىقىرىلىپ چىنە - قاچا قاتارلىق لازىمەتلىك نەرسىلەر تىزىلىدۇ. ئارقا توغرا تامغا چىقىرىلغان ئويۇق چوڭ، كەڭ بولۇپ، ئورۇن-كۆرپە يىغىپ قويۇلىدۇ. يەنە، ئۆينىڭ كېمەرلەنگەن قىسمىدىن ئىككى يان تامغا ئۇزۇتىغا قىرىم چىقىرىلىپ، بۇ يەرگە لازىمەتلىك نەرسىلەر تىزىلىدۇ. كېمەر ئۆيلەرمۇ ئوخشاشلا كاڭلىق بولۇپ، مورا ئوچاق كاڭ ئۈستىدىن چىقىرىلىدۇ. كاڭ ئۈستىگە بورا، ئۇنىڭ ئۈستىگە پالاز، كىگىز، گىلەم قاتارلىق بىساتلار سېلىنىدۇ.

ئويما گېرەم ئۆيلەردىن يازنىڭ تومۇز ئىس-

سىق كۈنلىرى سالقىنداش ئۈچۈن پايدىلىنىدۇ. ئومۇمەن تۇرپان، قۇمۇلدا تام - تورۇسلىرىغا ھەرخىل ئىشلەك ۋە نەقىش چىقىرىلغان ھەشەمەتلىك ئۆي ۋە كۆتۈرمە ئۆيلەر ئاز ئۇچرايدۇ، شۇنىڭدەك، قۇمۇلدا كېمىر ئۆيمۇ ئاز ئۇچرايدۇ.

كېمىر ئۆيىنىڭ ئەڭ چوڭ خۇسۇسىيىتى — ياز كۈنى سالقىن، قىش كۈنى ئىسسىق بولۇپ، تۇرپاندەك ھاۋا كىلىماتى ئۆزگىچە، ياغاچ قىس (ئۆتمۈشتىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا نىسبەتەن) بىر رايوندا ئەڭ ئومۇملاشقان ئولتۇراق ئۆي ھېسابلىنىدۇ.

## كىيىم- كېچەك ئادەتلىرى جەھەتتە

### باش كىيىملىرى

تۇرپان، قومۇل، بولۇپمۇ تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىنىش - ياسىنىش جەھەتتىكى ئەڭ تىپىك مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكى ئەر - ئايال پەرقسىز ھالدا، مەشۇت يىپتا يوغان گۈل تىكىلگەن تۆپىلىكى كەڭ، كىچىك تۆت بۇرجەك چىقىرىلغان، كەڭ كېزەكلىك دوپپا كىيىشىدە كۆرۈلىدۇ.

تۇرپان، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە پەرەنجە بىلەن چۈمبەت ئارتىش ئادىتى يوق بولۇپ، ئاق داكا ياغلىق، خومارەڭ تور ياغلىق، ئاق ياكى ناۋاترەڭ غىجىم رومال سېلىپ، دوپپا كىيىش ئومۇملاشقان. تۇرپان، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە دوپپا تۈرلىرى بويىچە يەنە بادام دوپپا، گىلەم دوپپا، چىمەن دوپپا، ئۈنچە دوپپا (ئاياللار ئىچىدە) قاتارلىق دوپپىلارنى ئۇچراتقىلى بولسىمۇ، ئەر - ئايال بىردەك كىيىدىغان شاپتۇل چېچىكى، قىزىل، يېشىل، مايسارەڭلىك مەشۇت يىپتا شوخ، يوغان گۈل چېكىلگەن دوپپا يەنىلا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ.

باشقا يۇرت - شەھەرلەردە شۇنداق دوپپا كىيگەن ئادەم ئۇچراپ قالغان تەقدىردە، ئۇنى تۇرپانلىق، توقسۇنلۇق... دەپ پەرەز قىلسىڭىز ھەرگىز خاتالاشمايسىز.

ياشانغان ئاياللار كۆپىنچە ئىچەك، ئاق داكا ياغلىق سالىدۇ. قىش كۈنلىرى ئەرلەر ئۈستى تاشلاقلىق قارا كۆرپە تۇماق (قاسقان تۇماق)، قولاقچا، تۈلكە قولاقچا كىيىش بىر قەدەر ئومۇملاشقان. ئاياللار ئاساسەن قارا دۇخاۋا تاشلىق تۇماق كىيىدۇ ئەمما تېيىز، تۆپىلىكى تۈز كېلىدۇ. ياشانغان ئەر- ئاياللار قارا دۇخاۋا، مەخمەل تاشلىق، چۆرىسىگە ئۈچ سانتىمېتىر كەڭلىكتە قاما ياكى مولۇن تېرىسى تۇتۇلغان سەرپۇش كىيىدۇ، سەرپۇشنىڭ تۆپىلىكى تىك ۋە ئېگىزرەك كېلىدۇ.

### تاش كىيىملىرى

تۇرپان، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە ئەر- ئاياللاردا جۇيازا ۋە يەكتەك شەكىللىك كالتە چاپان، تون شەكىللىك ئۇزۇن چاپان كىيىش ئومۇملاشقان. جۇيازا شەكىللىك كالتا چاپاننىڭ ئالاھىدىلىكى: ئىككى يېڭى ئويما بولماي ئارقا بويىغا تۇتاش ياقا قىسمىدىن پۈتۈن چۈشۈرۈلىدۇ، بىر پېشى تار، بىر پېشى كەڭ بولۇپ، ئوڭ مۈرىدىن كۆكرەك بېسىپ يۆگىلىپ سول بېقىنىدىن بوقۇچلىنىدۇ، رەسمىي ياقا تۇتۇلمايدۇ. يەكتەك شەكىللىك كالتا چاپان تۈز ئويما ياقا، ئەمما ياقىدىن ئېتەككە (ئىككى پەشكە) چە پەۋاز ياكى ئىككى سانتىمېتىر كەڭلىكتە زەي تۇتۇلغان (ئاياللار ئۈچۈن) پەشىنىڭ ئىككى يېنىغا چەك چىقىرىلغان بولىدۇ. ئەرلەر مەيلى جۇيازا ياكى يەكتەك شەكىللىك چاپان بولسۇن بىردەك بوغۇچلىماي بەلباغ باغلايدۇ. مۇنداق چاپانلار ئاساسەن يانچۇقسىز كېلىدۇ. ئاياللار چاپىنى شاتىۋا، چەكمەن، ئالما ئورۇقى، كۆك، چەشرەڭ، قارا مەخمەل، دۇخاۋا، تاۋار قاتارلىق سىدام رەختلەردە، ئەرلەرنىڭ بولسا قارا قىزىل، مەللە، قارا چەكمەن، بېغىررەڭ، كۆك سىماۋى، قارا رەڭ قاتارلىق سىدام رەختلەردە تىكىلىدۇ. كالتە چاپان بېلىك ياكى ئەستەرلىك بولىدۇ، قىشتا پاختا سېلىنىدۇ.

تون شەكىللىك ئۇزۇن چاپان: تون ئەرلەرنىڭ يەكتەك ياقىلىق بىر خىللا، ئاياللارنىڭ بۆرەك ياقىلىق ۋە يەكتەك ياقىلىق دەپ ئىككى خىل بولىدۇ، ئۇزۇنلۇقتا ئەرلەرنىڭ تىزدىن ئېشىپ، ئاياللارنىڭ ھوشۇق ئۈستىگە تاقىلىدۇ. بۆرەك ياقىلىق ئۇزۇن چاپاننىڭ ئالاھىدىلىكى: ياقىسىنىڭ ئۆزگىچە، ئىككى پەش ۋە ئارقا بويىنىڭ غول، ئاستى تەرەپلىرىگە شوخ مەشۇت يىپتا گۈل ئىشلەنگەنلىكى، ئىككى پەشتىن تائېتەك بويلاپ كالىۋۇتۇندا ئىشلەنگەن چىلتەك تۇتۇلغانلىقى، يەڭ ئۇچىغىمۇ شۇنداق چىلتەك تۇتۇلغانلىقىدا، ياقىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ياقىنىڭ كەڭ ۋە قات ئېلىپ قاتۇرۇلغانلىقى بىلەن ئېگەك ئاستى قىسمىنىڭ بۆرەك شەكلىدە بولغانلىقىدا، شۇڭا مۇنداق ياقا بۆرەك ياقا دەپ ئاتالغان. بۇنداق چاپاننىڭ بەزىلىرىنىڭ ئېتەكىنىڭ ئىككى يېنىغا چەك چىقىرىلىدۇ. ئاياللار كالتە چاپىنىنىڭ بەزىلىرى بۆرەك ياقىلىقمۇ كېلىدۇ. مۇندىن باشقا ئاياللاردا يەنە ياقا، پەش ئېتەكلىرىگە زەر باسقان چىلتەك تۇتۇلغان، مەيدىسىدىن ئېتەك ئارىلىقىغا گۈل ئىشلەك قىلىنغان جىلتەكە كىيىشمۇ ئومۇملاشقان. يۇقىرىقى تاش كىيىملەردىن باشقا، قىش كۈنلىرى كىيىلىدىغان ئاساسلىق كىيىم جۇۋىدۇر. جۇۋا — ئۆڭ، تاشلىق، كالتە، ئۇزۇن دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. جۇۋا ئاساسەن قوي تېرىسى، پاخلان تېرىسى، قوزا تېرىسى، تۈلكە، بۆرە تېرىلىرىدىن ھازىرلىنىدۇ. ئاياللار تامامەن پاخلان تېرىسى، قوزا تېرىسى يەنى كۆپىنى ئاساس قىلغان تېرىلەردە ھازىرلانغان تاشلىق جۇۋا كىيىدۇ.

يېشىغا توشقان ۋە بىر - ئىككى، ئۈچ ياشلىق باللارغا ئاساسەن باشقا رايونلاردىكىدەك ئىشتانپايپاق كىيدۈرۈلىدۇ، ئەمما تۇرپان، قۇمۇلدا ئىشتانپايپاقنىڭ يەڭ ئۇچى، ياقىسى، مەيدىسىگە چىرايلىق گۈل چېكىلگەندىن تاشقىرى، پاقالچاق تەرىپى بىلەن پايپاق باشلىقىغا ئالا قويماي گۈل چېكىلىدۇ ۋە مۇنداق ئىشتانپايپاق كىيدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش بىر خىل ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلانغان.

### ئاياغ كىيىملىرى

تۇرپان، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىدا ئۆتۈك، كەشلىك مەسە، ئىسكىلاچ مەسە كىيىش ئومۇملاشقان. مۇنداق ئاياغلار يەرلىك كۆن، قىرىم، شورچەم بىلەن تىكىلىدۇ. ئاياللار ئۆتۈكى ئىخچام، سىپتا كېلىدۇ. ئاياللاردا بىر خىل ئىسكىلاچ ئۆتۈك كىيىش ئومۇملاشقان بولۇپ، تىكىلىشى، شەكلى جەھەتتە ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە. قونچى ئۇزۇن، ئىچىگە بىشۇدىن ئەستەر تۇتۇلغان بولۇپ، تېشى بوغىزىدىن تا قونچى ئاغزىغا قەدەر ھەر خىل رەڭلىك ساغرىدا قىيىپ ئىشلەنگەن نەفىس گۈل قوندۇرۇلغان، پاشنىسى ئارا پاشنىلىق بەتىنكىلەرنىڭ پاشنىسىدەك ئېگىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى سىپتا تىكىلگەن كەش كىيىلىدۇ. كەش پاشنىسىمۇ ئېگىز، ئىچى كاۋاك بولۇپ، ئۆتۈك پاشنىسى شۇ كاۋاكتا تۇرىدۇ. ئۆتۈك سوكى بىلەن كەش سوكىغا ئۇدول قىلىپ ناھايىتى سىپتا، كىچىك باسماق بېكىتىلگەن. كەشنى كىيگەن ھامان باسماق بېسىلىپ ئۆتۈك بىلەن كەشنى چىڭ تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئاياللار ئۆتۈكنى سىپتا پايتىما يۆگەپ كىيىدۇ، ئەرلەرمۇ پايتىما يۆگەپ كىيگەندىن تاشقىرى يەنە مەخسۇس تىكىلگەن ئۇزۇن قونچلۇق پايپاق بىلەنمۇ كىيىدۇ، مۇنداق پايپاقلار قونچىنىڭ ئاغزى تەرىپىگە قىزغۇچ مەشۇت يىپتا ھەرە چىشى شەكلىدە تۆت-بەش سانتىمېتىر كەڭلىكتە گۈل چېكىلىدۇ، كىيگەندە ئۇنىڭ يېرىمى ئۆتۈك قونچىدىن چىقىپ تۇرىدۇ.

### يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرى جەھەتتە

تۇرپان، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىدىكى ئاساسلىق مەھەللىۋى تاماقلار تۆۋەندىكىچە:

1. سىقماق: بۇ ماھىيەتتە ئاق قوناق ئۇنىدا ئېتىلىدىغان لەغمەن. ھازىرلىنىشى: ئۇن نورمال

سۇيۇق قىلىپ يۇغۇرۇلىدۇ، قايناۋاتقان قازان ئۈستىگە ئىنچىكە تۆشۈكلەر تېشىلگەن مەلۇم قېلىنلىقتىكى تاختايىنى قويۇپ خېمىر ئۈستىگە يېيىتىلىپ بېسىلىدۇ، خېمىر بېسىم ئاستىدا تۆشۈكلەردىن قازانغا سوزۇلۇپ، ئۈزۈلۈپ چۈشىدۇ، قايناپ پىشقاندا، چويلا بىلەن سۈزۈپ، قاچىلارغا راسلاپ ئۈستىگە سەي سېلىپ يەيدۇ. سىقماق لەغمەننىڭ سېيى ئادەتتىكىدىن مايلىقراق، گۆشلۈكرەك قورۇلىدۇ.

2. ھەپەش: بەزى يېزىلاردا «تەپمەك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ تاماق ياز، كۈز كۈنلىرى كۆپ يېيىلىدۇ. ھازىرلىنىشى: كاۋا ئۇششاق توغرىلىپ، ئۇنىڭغا ئاز - تولا مۇچ توغراپ ئارىلاشتۇرۇش بىلەن ئۈستىگە ئاق قوناق ئۇنى تۆكۈپ تۇزى تەڭشەلگەن سۇ بىلەن نورمال سۇيۇقلۇقتا يۇغۇرۇلىدۇ ۋە ئۇدۇللۇق ئۈزۈپ ئېلىنىپ ياپسا قىلىپ، قىزىق قازان چۆرىسىگە يېقىپ دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ، قازاندا مەلۇم مىقداردا سۇ قايناپ تۇرىدۇ، ھەپەشنىڭ ئاستى قىزىرىپ، سىڭىپ پىشقاچقا ناھايىتى يېيىشلىك كېلىدۇ.

3. پۆرە: بۇمۇ تۇرپاندا كۆپ يېيىلىدىغان تاماقنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ئاساسەن ئاق ئۇندا ھازىرلىنىدۇ. پۆرە ئىككى خىل پىشۇرۇلىدۇ. بىر خىلى ياغدا، يەنە بىر خىلى جىمبىلدە دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ. ئالدى بىلەن كۆدە ياكى پالەك ئۇششاق توغرىلىپ ئۈستىگە ئازراق ياغ چۈچۈتۈپ قۇيۇپ، تۇز تەمى تەڭشىلىپ قىيما قىلىنىدۇ ئاندىن خېمىرنى ئېچىپ تۈگۈپ پىشۇرۇلىدۇ.

4. تۈرمەل: بۇمۇ ئاساسەن ئاق ئۇندا ھازىرلىنىدۇ. خېمىر بولدۇرۇلۇپ نېپىز يېيىلىدۇ، ئۈستىگە داغلانغان ياغ قۇيۇلغان كۆدە ياكى پالەك يېيىتىلىپ، تۈرۈلۈپ، جىمبىلدە دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ.

5. سىڭدۈرمە: بۇ ئەمەلدە قوناق يارمىسىدا قىلىنغان شويلا. ئەمما ئادەتتىكى گۈرۈچتە قىلىنىغان شويلىدىن قويۇقراق بولىدۇ. ھازىرلىنىش جەريانى: خۇرۇچى (ياغ، گۆش، سەۋزە، پىياز) شويلىغا ئوخشاش بولۇپ پەقەت گۈرۈچ ئورنىغا قوناق يارمىسى سېلىنىدۇ.

6. قوناق ياما پولۇسى: بۇنىڭ ئادەتتىكى پولودىن پەرقى يوق. پەقەت گۈرۈچ ئورنىغا قوناق يارمىسى ئىشلىتىلىدۇ. قوناق يارمىسى بولغاچقا تەم جەھەتتە گۈرۈچ پولوسىدەك بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

7. ياپما: بۇمۇ تۇرپان، قۇمۇلدا كۆپ يېيىلىدىغان تاماقلاردىن. ھازىرلىنىشى: ياز، كۈز كۈنلىرى تولاراق كاۋىنى چاقماق قىلىپ، يوغان-يوغان توغراپ، ئاز-تولا مۇچ قوشۇپ مايداچالا قورۇپ سۇ قۇيۇلىدۇ، تۇز تەمى تەڭشىلىپ بولغاندىن كېيىن يېڭى قايناشقا، بولدۇرۇلغان خېمىرنى مەلۇم قېلىنلىقتا ئېچىپ ئۈستىگە يېپىپ دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ. قىش كۈنلىرى چامغۇر، تۇرۇپ چامغۇر، سەۋزە، يېسىپلەك قاتارلىقلاردا ئېتىلىدۇ. ياپمىنىڭ سېيى گۆشلۈك ۋە گۆشسىزمۇ بولىدۇ. قۇمۇلنىڭ ئارا تۈرۈك ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ياپمىنىڭ ئۆزگىچە بىر خىلى بولۇپ، ئۇ پۈتۈنلەي گۆش بىلەن تەييارلىنىدۇ. تەييارلىنىشىمۇ بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئاق ئۇندا خېمىر يۇغۇرۇلۇپ، ناھايىتى نېپىز يېيىلىپ، ئۈستىگە ئېرىتىلگەن قوي مېيى سۈرتۈلۈپ تۈرۈلىدۇ، تۈرگەندە ماي سۈرتۈلمىگەن ئىككىنچى تەرىپىگىمۇ يەنە مەلۇم مىقداردا ماي سۈرتۈلۈپ تۈرۈلىدۇ، ئاندىن قازاننىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئۆلچىمىگە قاراپ ياپسالاپ ئېچىلىدۇ. شۇنىڭدەك بىر تەرەپتىن يېڭى سويۇلغان قوي گۆشىنى پارچىلاپ ئۆز يېغى بىلەن قورۇيدۇ، گۆش قورۇلۇپ سارغايغاندا، دورا-دەرمان سېلىپ مەلۇم مىقداردا سۇ قۇيۇلۇپ، تۇز-تەمى تەڭشىلىپ، قايناشقا باشلىغان ھامان ھېلىقى تەييارلانغان «قاتلىما» نى ئۈستىگە يېپىپ دۈملەپ پىشۇرىدۇ. پىشقاندا گۆش لېگەنگە «قاتلىما» ئۈستىگە ئېلىنىپ داستىخانغا كەلتۈرىدۇ. گۆش مايلىق ۋە ئىلىكتەك پىشقاچقا كۆڭۈلگە تەگمىسۇن ئۈچۈن «قاتلىما» بىلەن قوشۇپ يېيىلىدۇ، «قاتلىما» مۇ تىتىلىپ تۇرىدۇ، شۇڭا بۇ خىلدىكى ياپما ناھايىتى مېزىلىك ۋە يېيىشلىك كېلىدۇ. ئۇ ئارا تۈرۈك ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلارغا تارتىدىغان

ئالىي تاماقلىرىنىڭ بىر تۈرى. تۇرپان، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىدىمۇ باشقا رايونلاردىكى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش چايدىن باشقا سۈت، قايماق، قېتىق، ھۆمە چاي (قايناتما چاي) ئىچىشمۇ ئومۇملاشقان.

## توي - تۆكۈن ئادەتلىرى جەھەتتە

تويلىشىش: توي قىلىش جەريانىدىكى قەدەم - باسقۇچلىرىنىڭ بەزى ئاتالغۇلىرى ئوخشىمايدۇ، تەرتىپى بىر قەدەر ئىنچىكە، تۈرى كۆپ بولۇپ ئاساسەن تۆۋەندىكى شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: (1) تۇرپاندا قىز تەرەپكە داستىخان تاشلاش «كىچىك تازىم»، قىزنىڭ چوڭ چېيى «چوڭ تازىم» دەپ ئاتىلىدۇ. (2) تويلۇق «قالىن» دەپ ئاتىلىدۇ. (3) قۇمۇلدا تويلۇق سېلىشتا توققۇز ياكى يەتتە سان ئۆلچەم قىلىنىدۇ (كىيىم - كېچەك توققۇز ياكى يەتتە ياقىلىق، مال - ۋاران توققۇز ياكى يەتتە باش ...) بۇ ئاساسەن قول - ئىلكىدە بارلار ئوتتۇرىسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. (4) يوقلاق: قىزنىڭ چوڭ چېيىنى ئايرىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپتىن پات - پات تاۋاق كىرگۈزۈلۈپ تۇرىدۇ، بۇ «يوقلاق» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭدا، رەسمىي توي ئۆتكۈزۈلگىچە مۇناسىۋەتتە ئۆزگىرىش بولۇپ قالماسلىق ۋە قىزغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. (5) توي پارىڭى، يانتاق پارىڭى (ئەمەلدە توي مەسلىھەتى): بۇ رەسمىي توي مەرىكىسىدىن ئىككى كۈن بۇرۇن يىگىتلەر ئىچىدە توي خىزمىتى ۋە تويىنىڭ ئوتۇن - ياغىچى بويىچە مەخسۇس ئۆتكۈزۈلىدىغان مەسلىھەت، شۇڭا «توي پارىڭى»، «يانتاق پارىڭى» دەپ ئاتالغان. «توي پارىڭى» دا يىگىت بېشى ۋە مەرىكە كۈنى خىزمەت قىلىدىغان ئاساسلىق يىگىتلەر بېكىتىلىپ ۋەزىپە تەقسىم قىلىشىۋالىدۇ. «يانتاق پارىڭى» دا ئىككى ئۆيگە كېتەرلىك يېقىلغۇ بويىچە مەسلىھەت بولىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ھارۋىسى بار يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى جاڭگالغا يانتاق ئالغىلى چىقىدۇ. ھەممەيلەن بىرىنچى بولۇپ كېلىشكە تىرىشىدۇ. چۈنكى بىرىنچى بولغۇچىلارنىڭ ھارۋىغا قوشۇلغان جانىۋارىنىڭ بېشىغا قىزىل شالپەر ياكى شايى باغلىنىدۇ. مەھەللە بېشىدا يىگىت بېشى تۇرۇپ، يېتىپ كەلگەن ھارۋىلاردىن ئۇدۇللۇق بىر ھارۋىنى قىز تەرەپكە، بىر ھارۋىنى ئوغۇل تەرەپكە ماڭدۇرۇپ تۇرىدۇ. يانتاق چۈشۈرۈش جەريانىدا قىزلار ھارۋىنىڭ ئارغامچا، قامچا قاتارلىق بىرەر نەرسىسىنى تىقىۋېلىپ يىگىتلەرنىڭ ھوشيار، چاققانلىقىنى سىنايدۇ، تۇيغۇن، ھوشيارلىرى قىزلارنىڭ ھەرىكىتىگە يول قويمايدۇ، بىخەستەلىرى نەرسىلىرىنى يوقىتىپ قويۇپ، قىزلارغا يالۋۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. قىزلار كۈلكە ساداسى ئىچىدە تىقىۋالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، يىگىت بېشىنى كۆتۈرمەي ھارۋىسىنى ھەيدەپ چىقىپ كېتىدۇ. (6) توي باشلاش: بۇ، تويىنىڭ ھارپا كۈنى چۈشتىن كېيىن ئوغۇل ۋە قىز تەرەپتە تەڭ ئۆتكۈزۈلىدىغان كىچىك مۇراسىم. بۇنىڭغا باغاق تارقىتىلمايدۇ، ئەمما ناغرا، سۇناي چېلىنىدۇ. ناغرا، سۇناي ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئەل - مەھەللە، قولۇم - قوشنا، يارۇ - بۇرادەرلەر كەينى - كەينىدىن تەبرىكلىشىپ كېلىدۇ. ساھىبخان كەلگەنلەرنى ئادەتتە چاي، مەزە، قەنت - گېزەك، مېۋە - چېۋىلەرنى قويۇپ ئۇزىتىدۇ. بەزىلىرى سۇيۇق - سىلەڭ تاماقمۇ تارتىدۇ. قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە يىگىت قولدىشى باشلىق بىر تۈركۈم يىگىتلەر توي باشلانغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن قىز تەرەپكە بارىدۇ. ئۇلار كېلىش بىلەن قىز تەرەپتىكى قىز - يىگىتلەر قىزىقچىلىق قىلىپ ئىشىكنى تاقىۋالىدۇ، كەلگەنلەر ئاز - تولا سوۋغات بەرگەندىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ ھويلىغا باشلىنىدۇ. داستىخان راسلاپ چاي تارتىلغاندىن كېيىن بىر پەس ساز چېلىپ،

ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىپ، قايتىدۇ. بۇ رەسمىيەتنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىدە: تويىمىز دەل ۋاقتىدا رەسمىي باشلاندى، يۇرت خەۋەردار بولسۇن، گۇۋاھ بولسۇن، توي خۇشال-خۇرام ئۆتسۇن، دېگەنلىك مەقسەت قىلىنىدۇ.

(7) يەل ئېيتىش: يىگىتلەر قىز تەرەپتىن قايتىپ كېلىپ يىگىتنىڭ ھوجرىسىدا بىر پەس نەغمە ۋە ناخشا بىلەن ئولتۇرۇپ قايتىدۇ، بۇ «يەل ئېيتىش» دېيىلىدۇ. (8) چاقما بېرىش: شۇ كۈنى كەچتە يىگىت تەرەپ قىز تەرەپتىن ھال - ھاردۇق سوراش مەقسىتىدە، قىز تەرەپكە توقۇز نان، قەنت - گېزەك بىلەن يېرىم قىرى گۆشى ياكى بىرەر پاقلان ئايرىپ بېرىدۇ. بۇ «توي چاقمىسى» دېيىلىدۇ. (9) ئەتىسى مەرىكە كۈنى ئىككى تەرەپتە توي تەڭلا باشلىنىدۇ. مېھمانلار ئېلىپ كەلگەن بوسۇتلار، بولۇپمۇ ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل ئاغىنىلەرنىڭ بوسۇتلىرى ھويلا تاملىرىغا، دەرەخلەر، ئۆي ئىچىگە ئېسىپ قويۇلىدۇ. (10) نىكاھ توي كۈنى ئەتىگەندە نامازدىن يېنىپلا ئوقۇلىدۇ (يىگىت قولداشلىرى بىلەن قىزنىڭ ئۆيىدە ھازىر بولىدۇ). نىكاھتا توختىتىدىغان قىزنىڭ مېھرى ھەققى «سۈت ھەققى» دەپ ئاتىلىدۇ ۋە نەق پۇل ئېلىنىدۇ.

**توي كۆچۈرۈش:** (1) توي كۆچۈرۈشكە يىگىتنىڭ ئاتىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە بىر قىسىم ياشلار بارىدۇ. يىگىت يېرىم يولدا قولدىشى ۋە تەڭتۇشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ساقلاپ تۇرىدۇ. (2) ئېتىشىش: تويچىلار قىز تەرەپنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە ئىشىك ئېتىۋېلىنىدۇ، توققۇز تازىم بىجا كەلتۈرۈپ قوي تۆشى بېرىلمىگىچە ئىشىك ئېچىلمايدۇ. قىز تەرەپتىن «تەييارلىق پۈتمىدى» دەپ ۋاقىت ئالىدۇ، شۇڭا ھەر تازىم ئارىلىقىدا مەلۇم ۋاقىت ئۆتىدۇ. بۇ جەرياندا قىز تەرەپ ئايال مېھمانلىرى ئوتتۇرىسىدا بوغچۇما (بوپا ياكى ساندۇق) ئېچىپ تويلۇق كۆرسىتىلىدۇ ۋە قىزنى كىيىندۈرۈش، جابدۇش ئىشلىرى ئورۇندىلىدۇ. توققۇز تازىم تۈگىگەندە ئىشىك ئېچىلىپ تويچىلار ئۆيگە باشلىنىپ داستىخان سېلىنىدۇ. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن ئىككى تەرەپتىن كەپىدان ئىككى ئايال ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۆز ئارا چاي تۇتۇشقاچ، تويى بولغان قىز بىلەن يىگىت تەرىپلەنگەن ۋە ئۇلاردىن كۈتۈلىدىغان ئۈمىد مەزمۇن قىلىنغان قوشاقلارنى ئېيتىشىدۇ:

قىز تەرەپ:

ياغلىقىمنىڭ ئۇچىدا بىر ئىلمەك گۈل ساقلىدىم،
گۈلنى بېشىمدا تاجى قىلىپ ساقلىدىم.
بارچە كىشى كېلىۋېدى ھېچبىرىگە باقمىدىم،
يات كىشىگە بولمىسۇن دەپ ئۆزلىرىگە ساقلىدىم.

يىگىت تەرەپ:

ئوغۇل تۇغدۇم موللا - ئالىم،
كېلىن ئاپئاق تولۇن ئايىم.
ئۇزۇن بولدى تىلىگىلى،
ئەمدى بەردى خۇدايىم.

قىز تەرەپ:

قىز تۇغدۇم ئايدەككىنە،
بويى قىرچىن تالدەككىنە،
كۆرسىلە گۈلدەككىنە،
خىزمەت قىلسۇن قولدەككىنە.

يىگىت تەرەپ:

خۇدا نېسىپ قىلغاي،
توققۇز ئوغۇل، بىر قىزلىق قىلغاي،
سالام قىلىپ كىرەر بولغاي،
ئەتىسى تۈگۈلۈك ئاچار بولغاي،
ئىسسىق ئىللىق چىراي بولغاي.

قىز تەرەپ:

قىزىم سەھەر تۇرار بولسۇن،
سالام قىلىپ كىرەر بولسۇن،
ئەتىسى تۈگۈلۈك ئاچار بولسۇن.

قىزىم خىزمەت قىلسۇن ئالتۇندەك پارقىراپ،
قېيىن ئانىسى ئادىمى قىلىۋالسۇن بېشىنى سىلاپ.

ئېيتىشىش تۈگىگەندىن كېيىن قىزغا دۇئا بېرىلىپ، چاچقۇ چېچىلىپ ئېلىپ مېڭىلىدۇ: قىزنىڭ بېشىغا تا تىزىغىچە قەدەر ئۇزۇنلۇقتا چۈمبەت (رومال) ئارتىلىپ، ئىككىنچى كۈنى رەسمىي يۈز ئاچقۇ مۇراسىمى بولغىچە يۈزى ئېچىلمايدۇ. (3) بوغچۇما بېرىش: قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى قىزى ئۈچۈن ھازىرلىغان تويلۇقلىرىنى بوغچۇما قىلىپ ساندۇققا سېلىپ قىز كۆچۈرۈلۈپ ماڭغاندا مەخسۇس ئادەملەر ئېلىپ ماڭىدۇ. بۇنىڭ قاتارىدا قىزنىڭ كۆشۈكى (چىمىلدىقى)،مىخ، بولقا قاتارلىق نەرسىلەر بېرىلىدۇ. بوغچىمىغا بىر يېڭى سۈپۈرگە تېڭىپ قويۇلىدۇ. (4) تېرىق ئېيتىش: يىگىت يېرىم يولدا كۈتۈپ تۇرۇش جەريانىدا ھاپىزلار تىرقىغۇز دانە داپ چېلىپ ناخشا ئېيتىپ تۇرىدۇ. بۇ «تېرىق ئېيتىش» دېيىلىدۇ. (5) چاچقۇ چېچىش: قىز كۆچۈرۈلۈپ يىگىت كۈتۈپ تۇرغان يەرگە يېتىپ كەلگەندە، ئىككى ئايال قۇدا سالاملىشىدۇ. قىزنىڭ تۇغقانلىرى ئىچىدىن بىر تۇغۇتلۇق بولغان ئىككى ئايال قىزنى زىلچا ياكى كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ كۆتۈرۈپ ھارۋىغا سالىدۇ. قىز تەرەپنىڭ يەڭگىسى يىگىتكە ياغلىق سۇنىدۇ، يىگىت قولدىشى يىگىتكە دەستار ئورايدۇ ۋە بوينىغا ياغلىق چىگىدۇ. مەيداندىكىلەر «مۇبارەك!» دەپ ۋارقىرىشىدۇ، يىگىتنىڭ ئانىسى ئوغلى ۋە كېلىنىنىڭ بېشىدىن چاچقۇ چاچىدۇ (ئاساسەن تەنگە، داچەن، ياكى پۇل، ھازىر كەمپۈت) ئاندىن ھەممەيلەن يىگىتنىڭ ئۆيىگە قاراپ قوزغىلىدۇ. يىگىت ئاتلىق ئالدىدا، قىز، ئانىسى ۋە قېيىن ئانىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھارۋىدا كەينىدە ماڭىدۇ، تويچىلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ. (6) چاچاڭ: توي كۆچۈرۈلۈپ مەھەللىگە كىرىش ئالدىدا، يىگىت تەرەپنىڭ ئەل ئاغىنىلىرى، تۇغقانلىرى مەھەللە كوچىسىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا قەدەر توغرىسىغا ئالا - يېشىل رەختلەرنى ئېسىپ، كوچىنى زىننەتلەيدۇ. ئارىلاپ بەزى ئىشىك ئالدىلىرىغا جوزا قويۇپ، چاي، گازىرپۇرچاق قاتارلىق نەرسىلەرنى ھازىرلايدۇ، تويچىلارنى قارشى ئېلىپ ھاردۇق سورايدۇ. بۇ «چاچاڭ» دېيىلىدۇ. (7) خىنا تۇتۇش: يىگىتنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاشقاندا، يىگىت تەرەپتىن ئالدىغا ئاياللار چىقىپ يولەن ئېيتىدۇ. ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە داستىخان سۇنۇشىدۇ، بۇ «خىنا تۇتۇش» دېيىلىدۇ. داستىخان بىر تاۋاق ئاش، تۆت نان، بەش توقاچ ۋە بىر كىيىملىك رەختتە ھازىرلىنىدۇ. (8) نۆۋەت ئېلىش: قىز كۆچۈرۈلۈپ كەلگەندىن كېيىن ھويلىدا كالتە سورۇن تۈزۈلىدۇ. يەڭگىلەردىن بىرى بىر قولياغلىق، پۇل ۋە ئۇستۇرا سېلىنغان پەتنۇسنى يىگىتنىڭ ئۇكىسىغا سۇنىدۇ. ئۇتازىم قىلىپ ئېلىپ ياغلىق بىلەن پۇلنى يانچۇققا سالىدۇ ۋە ئۇستۇرىنى ئېچىپ ئاكىسىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، ئاكىسىنىڭ دەستارىنى ئېلىپ بېشىنى ئۇستۇرىنىڭ كەينى بىلەن بىر نەچچىنى غىرداپ قويىدۇ. بۇ: «سېنىڭ نۆۋىتىڭ تۈگىدى، ئەمدى نۆۋەت مېنىڭ»دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. (9) سالام بېرىش: نۆۋەت ئېلىش رەسمىيىتى تۈگىگەندىن كېيىن، قىز بىلەن مېھمانلار چوڭ ئۆيگە باشلىنىدۇ. قىزنىڭ يېنىدىكى يەڭگىلەردىن بىرى: «كېلىن بالا سالام دەيدۇ»دەيدۇ، يىگىتنىڭ ئانىسى:«خۇدايىم مۇبارەك قىلسۇن!» دەيدۇ، قىزغىن ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ، ئەمما قىز ئولتۇرمايدۇ، سەۋەبى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. يەڭگىلەر: «قىزنىڭ بېشى ئاغرىۋېتىپتۇ» دەيدۇ. شۇ زامان يىگىت تەرەپتىن بىر ئايال ئىككى پىيالە چاي ئەكېلىپ، قىز تەرەپتىكى نىشانلىق ئايالغا تۇتىدۇ. بۇلار چاي تۇتۇشقاچ نەزمە ئېيتىشىدۇ:

قىز تەرەپ:

ئەسسالام كېلىن بالا سالام دەيدۇ.

يىگىت تەرەپ:

مۇبارەك بولسۇن، توققۇزى تەل بولسۇن.
باش - ئايىغى تاش بولسۇن.

توققۇز ئوغۇل، بىر قىزلىق بولسۇن.
ئالدىدا كۈن① چىققاي، كەينىدىن ئاي ② چىققاي.
ئەتكەن ئىشى بەرىكەتلىك بولغاي.
ئوچۇق - ئىللىق چىراي بولغاي.
توپا ئالسا ئالتۇن بولغاي، كۆل ئالسا كۈمۈش بولغاي.
قۇيرۇقلىرى دىڭ ③ بولغاي.
سېرىق يۈگەيدەك چىرمىشىشقاي،
يار يىلىمدەك يېپىشقاي. (كۈلكە)

قىز تەرەپ:

خۇدا شۇڭا نېسىپ قىلسۇن،
ئەتىگەن تۇرار بولسۇن.
ھەر ئەتە تۈڭلۈك ئاچار بولسۇن،
سالام قىلىپ كىرەر بولسۇن.
ئوچۇق - ئىللىق چىراي بولسۇن،
يۈزى تۆۋەن، سۆزى شېرىن بولسۇن!

يىگىت تەرەپ:
مېنىڭ ئوغلۇم مۇنايىم، كەلگەن قىزىم تولۇنئايىم،
كېچە-كۈندۈز تىلىۋىدۇق، ئەمدى بەردى خۇدايىم.
چىنىنى چىنە دەرمەن، گۈلنى غۇنچە دەرمەن،
سەھەر قوپۇپ ئۆيگە كىرسە، بېھىشنىڭ گۈلى دەرمەن.
چىنە-چىنە ئالدىمەن، چىنە تەخسىگە سالدىمەن،
مەھەللىمىز ئىچىدىن يالغۇز سىزنى پارلىدىمەن.
سەككىز تالا بۆك كىيىپتۇ، سەككىزى قىيىق،
ئوڭ يېنىغا گۈل قىسىپتۇ، بەرگىسى سېرىق.
يان كىشىلەر قۇدا بوپتۇ بۈگۈن ۋە تاڭلىلىق،
ئىككىمىز قۇدا بولايلى ھەر ئىككى دۇنيالىق.
بەيتۇللادىن چىققان ئاتىنىڭ يايلىسى قاشقا،
يايلىسىدىكى ئالتۇن تۇمارنىڭ زۇننارى باشقا.
بىر سالام، ئىككى سالام سىز تۇغقان قېرىنداشقا،
مۇنداق ئاسان بولۇرمۇ بىر تۇغقان بولۇشماققا.
تاغدىن چۈشكەن تاغ بېلىق، سۇدىن چىققان چار بېلىق،
بىر - بىرىگە باب لايىق، ھەيران قالسۇن خالايىق.

قىز تەرەپ:
بىر دانە گۆھەرنى شۇنچە پىنھان ساقلىدىم،
قاش - كىرپىك ئارىسىدىن بىردەم ئايرىماي.
پۈتۈن خالايىق كىلىۋىدى، ھېچبىرىگە باقمىدىم،
يىراق يەرگە كەتمىسۇن دەپ ئۆزلەگە ساقلىدىم.
چىنە - چىنە ئالسىلا، چىنە تەخسىگە سالسىلا،
ئەمدى بۇ گۆھەرنى ئىككى قوللاپ ئالسىلا.
بۇ گۈل بىر دانە گۈل ئىدى، چىمەنگە بەرگۈسىز،
شاتۇتى قونسا شېخىغا، شامالمۇ قىمىرلاتقۇسىز.
قىزدىل ئالما شاخلىرى ئىگىلۈچان بولسۇن،
شاخنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈچان بولسۇن.
بىر ياخشىغا بىر يامان بۇيرۇلماس بولسۇن،
ئىككى ياخشى بىر بولۇپ ئايرىلماس بولسۇن.

يىگىت تەرەپ:
تۈگۈن تۈگۈلگەندەككىنە، تۈگۈلۈپ يېشىلگەندەككىنە،
ئىككى ياخشى بىر بولغاندا قىزىلگۈل ئېچىلغاندەككىنە.

قارا - قارا قاغىلارنىڭ قاناتى قارا،
ئۇ مەلىدىن قىز ئالدۇق گۆھەردەك بالا.
بىرى قىزىلگۈل، بىرى بۇلبۇل ئەپلىشىپ قالار،
ئىككى ياخشى بىر بولۇپ، ئايرىلماس بولار.
تاغدىن چۈشتى تاش بېلىق، سۇدىن چىقتى ئاي بېلىق،
بۇ بىر جۈپ گۆھەرگە ھەيران قالسۇن خالايىق.
ئاي چىقسا، ئاي تۇغۇر، كۈن چىقسا، كۈن تۇغۇر،
مۇنداق بىر جۈپ گۆھەرنى بۇندىن كېيىن كىم تۇغۇر.

(10) ھۇجرا مېيلىسى (توي مەشرىپى): سالام بېرىش رەسمىيىتى تۈگىگەندىن كېيىن، مېھمانلار ئاساسەن تارقايدۇ، بىر قىسىم ياش ئاياللار ۋە يىگىتلەر قېلىپ ھۇجرا مېيلىسى ئۆتكۈزىدۇ. ئالدى بىلەن يەڭگىلەر يىگىت بىلەن قىزنى ھۇجرىغا باشلايدۇ، قىز پەگاھقا سېلىنغان ئۆچكە تېرىسى ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇلۇپ، ھېلىقى سۇپۇرگە بىلەن دۈمبىسىگە ئاستا بىر نەچچە قېتىم

①② كۈن ئوغۇلنىڭ، ئاي قىزنىڭ سىمۋولى ③ تۇرمۇشلىرى كۆڭۈللۈك، باياشاد بولسۇن دېگەن مەنىدە.

ئۇرۇپ قويۇلىدۇ. بۇ، «سەن مۇشۇ ئۆينىڭ ئاددىي بوادۇڭ، يۈزۈڭ ئۆۋەن، قولۇڭ ئىشلىق بولۇن» دېگەنلىكنى ئىپادىلەيدۇ. ئاندىن قىزغا يىگىتنىڭ بويىندىكى ياغلىقنى چىشى بىلەن چىشلەپ يەشتۈرۈشتەك قىزىقچىلىقلار قىلىنىدۇ، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قىز چۈمبىلىنى قايرىشقا مەجبۇر بولۇپ، يىگىت قىزنىڭ يۈزىنى رەسمىي كۆرىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ھۇجرا مېلىسى باشلىنىدۇ. مېلىس ئاك ئاتقىچە داۋاملىشىدۇ، يىگىت بىلەن قىزمۇ ئۇسسۇل (پوتا ئۇسسۇلى)غا تارتىلىدۇ. قىز يىگىتكە پوتا سۇنىدۇ. بۇ كېچە قىز بىلەن يىگىت قوشۇلمايدۇ.

يۈز ئاچقۇ: بۇ توينىڭ 2-كۈنى يىگىت تەرەپتە ئۆتكۈزۈلىدىغان توي بولۇپ، ئاساسەن ئاياللار كېلىدۇ. بۇ كۈنى مۇنداق رەسمىيەتلەر ئۆتكۈزۈلىدۇ. (1) ئىسسىقلىق: قىز تەرەپتىن ئەتىگەندە ئىسسىقلىق ئۈچۈن پولو، مانتا ئېلىپ كېلىدۇ. (2) سالامغا بېرىش: يىگىت ئۆز قولداشلىرى بىلەن ئەتىگەندە قىز تەرەپكە سالامغا بارىدۇ. (3) چۆچۈرە تارتىش: بەزى يېزىلاردا ئىسسىقلىق ئۈچۈن قىز تەرەپتىن ئەتىگەندە بىر كورا چۆچۈرە تەييارلايدۇ (بەزىدە قىز بىلەن كەلگەن يەڭگىلەر يىگىتنىڭ ئۆيىدە كېچىچە چۆچۈرە تەييارلىقىنى قىلىپ، ئەتىگەندە پىشۇرۇپ تەييار قىلىدۇ، ئۆيى يىراقلار شۇ مەھەللىدىكى تۇغقانلىرى ياكى ئەل-ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيىدە تەييارلايدۇ). يىگىت تەرەپتىن سوناي چېلىپ بېرىپ ئېلىپ كېلىدۇ. (4) يوقلاش: ئەتىگەندە مەھەللە يىگىتلىرى مېۋە-چېۋە ئېلىپ يىگىتتىن ھال سوراپ كېلىدۇ. ئۆيدە يىگىت، قىز ۋە يەڭگىلەرلا بولىدۇ. يىگىتلەر كېلىشكە باشلىغاندا، يىگىت قولىدىكى ئۇلارنى ئۇدۇللۇق ئۆيگە باشلاپ كېلىدۇ ۋە: «چىن-چىن سالامەت، بەردى مۇھەممەد، ئىسمىتىگىزلەر، كۆرىگىزلەر ××× ئاغىنىلەر، تۇغقانلار تۆگە، ئات، كالا، قوي، توپ-توپ مال بىلەن (كەلگەنلەرنىڭ ئىسمى دېيىلىپ، ئېلىپ كەلگەن مېۋىلىرىنىڭ تۈرى ئات، تۆگە، كالا،قوي نامىدا بىر-بىرلەپ ئاتىلىدۇ) جۇۋاپ كەپتۇ!» دەپ ئېلان قىلىدۇ، يەڭگىلەر رەھمەت ئېيتىپ ئالىدۇ. چۆچۈرىمۇ دەل شۇ ۋاقىتتا ئۈلگۈرتۈپ ئېلىپ كېلىنىدۇ. قىز يۈزى پېچىق ھالدا، تەخسىگە ئېلىنغان چۆچۈرىنى پەتنۇستا ئالدى بىلەن يىگىتكە، ئاندىن كەلگەن ياشلارغا قاتارى تۇتۇپ چىقىدۇ، ھەممىسى بىر دانىدىن ئېلىپ يەيدۇ.

(5) قوروغا كېلىش: چۆچۈرە تۇتۇش ئاخىرلىشىشىغا قىزنىڭ ئانىسى، تۇغقانلىرى ۋەقوشنىلىرىنى ئېلىپ قىزنى يوقلاپ كېلىدۇ. بۇ «قوروغا كېلىش» دېيىلىدۇ. ئۇلار كېلىشتە 9 نان ئۈستىگە مەلۇم سوۋغاتلىق سېلىپ، مەخسۇس بىر چوڭ تاۋاقتا ئۆپكە، ھېسىپ پىشۇرۇپ ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇلار ياخشى كۈتۈلىدۇ. داستىخان ئۈستىدە ئۆپكە،ھېسىپ توغرىلىپ ھەر ئادەمگە بىر پارچىدىن توغرىلاپ قويۇلىدۇ. ئۆپكە ئاغزىنى يېرىپ،چىققان ھوردا قىزنىڭ يۈزى ھورداتىلىدۇ. شۇندىن كېيىن يىگىت بىلەن قىزنىڭ ئالدىغا بىر دانىدىن جوزا قويۇلۇپ ئۈستىگە يىگىتكە ھازىرلانغان لازىمەتلىكلەر، قىزغا ھازىرلانغان لازىمەتلىكلەر، ھەتتا تاغاق، سۈزگۈچ، يىپ-يىڭنىگە قەدەر نەرسىلەر قويۇلۇپ، مېھمانلار ئالدىدا نامايەن قىلىنىدۇ. ئارقىدىنلا يۈز ئېچىش ھەرىكىتى باشلىنىپ ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئالدى بىلەن بېيىت ئېيتىشىدۇ:

تار ئېرىقنى ئاتلىدۇق،
كەڭ ئېرىقنى قاتلىدۇق.
شۇنچە قىزلار ئارىسىدىن،
جېنىم بالامنى تاللىدۇق.
بازاردىن ئات ئالدۇق،
ساغرىسى ئالا.
يۇقىرى مەھەللىدىن قىز ئالدۇق،
ئالتۇندەك بالا.
بىرى گۈل، بىرى بۇلبۇل،
ئەپلىشىپ قالا.

X X X

يۇقىرىدىن سۇ چۈشەدۇر،
تاشتىن-تاشقا شارقىراپ.
جېنىم ئوغلۇم ئولتۇرادۇر،
تولۇنئايدەك پارقىراپ.
تولۇنئايغا تىل تەگمىسۇن،
پۈتۈدۈك تۇمار.
سۇدىن ئالغان لەھەل تاشتەك،
كۆزلىرى خۇمار.

× × ×

كىچىككىنە باغ ئىچىدە،
يېڭى ئۈنگەن گۈل ئانار.
شۇغىنە جېنىمنىڭ،
ئوڭ مەڭزىدە خالى بار.
ئاغزىدا ئايەت ئوقۇيدۇ،
قولىدا كىتابى بار.
قاشلىرى قىرغان قەلەمدەك،
ئاي يۈزىدە نۇرى بار.

كۆزگى بۇغدايلار مايسا بولدى،
يازغى بۇغدايلار قېنى؟
بۇغۇنچىلارنى ئورۇغداتقان،
موماي- بوۋايلار قېنى؟

ئېيتىشىش تۈگەش بىلەن تەڭ نەغمە-ناۋا ئىچىدە، يىگىت تەرەپتىن بىر ئەر كىشى، قىز تەرەپتىن بىر ئايال ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. ھېلىقى ئەر كىشى ئۇسسۇل ئويناپ كېلىپ قىزنىڭ يۈزىدىكى بىر قات ياغلىقنى قايرىپ تاشلايدۇ، ئايال ئويناپ كېلىپ چۈشۈرۈپ قويىدۇ، شۇ تەرىقىدە ئىككى-ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، ئەر كىشى بىراقلا قايرىپ تاشلايدۇ. قىز ھەممىسىگە تازىم بەجا كەلتۈرىدۇ. بىر پەس نەغمە-ناۋا بولغاندىن كېيىن، يەڭگىلەر قىزنى ھوجرىدىن باشلاپ چىقىدۇ. يىگىت ئۆز قولداشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئارقىدىن كىرىدۇ. ھوجرىدا يىگىت بىلەن قىزنى ئىسسىق ھالەتتىكى ھېسپىقا قاردىتىش (كوردىكى ھېسپىقا قاردىتىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ بېشىنى سوقۇش-

تۇرىدۇ)، قىزغا يىگىتنىڭ بەلبېغىنى يەشتۈرۈش، دەستارىنى ئالدۇرۇش، تونىنى سالدۇرۇشتەك قىزىقچىلىقلار قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن يەڭگىلەردىن باشقىلىرى تارايدۇ. يەڭگىلەر قىزغا تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن ساۋاق بېرىپ، ئورۇن سېلىپ، ھېلىقى سۈپۈرگىنى ئاياغ تەرەپتە كۆرپىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ. قىز ئەتىگەندە ئۆي سۈپۈرىدۇ. بۇ كۈنى كېچىدە ياشلاردىن دېرىزە مارلايدىغانلار بولىدۇ.

چىللاق: 3- كۈنى قىز تەرەپ يىگىت تەرەپنىڭ ئاتا-ئانىسى، تۇغقانلىرىنى چىللايدۇ. 4- كۈنى يىگىت تەرەپ چىللايدۇ. چىللاقتا ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا سوۋغات بېرىشىدۇ.

سالامغا ئاپىرىش: 5- كۈنى يەڭگىلەر قىزنى ئانا-ئانىسىغا سالامغا ئاپىرىپ قويىدۇ. كەچتە يىگىت ئۆز قولداشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا، قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ئۆز لايىقىدا سوۋغاتلىق قىلىپ بارىدۇ. ئۇلار ئوبدان مېھمان بولۇپ، سوۋغاتلىرىنى قويۇپ رەھمەت ئېيتىپ قىزنى ئېلىپ قايتىپ كېلىدۇ. مۇشۇنىڭ بىلەن توي جەريانى ئاخىرلىشىدۇ. مۇندىن باشقا يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، قىز بىر تۇغۇتلۇق بولمىغىچە يىگىت تەرەپتىن تەييارلانغان كىيىم-كېچەكلەرنى كىيمەيدۇ. يۇقىرىدىكى بۇ مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بەزىلىرى تۇرپان شەھىرى، بەزىلىرى ئاستانە، قاراغوجا، لۈكچۈن ۋە قومۇلنىڭ يېزا-قىشلاقلىرىدا ئۇچرايدۇ. قومۇلدا كۆرسىتىشكە ئەرزىيدىغان يەنە مۇنداق ئالاھىدىلىكلەر بار:

(1) تويدا ھەممە كىشى يېقىندىن ياردەملىشىدۇ. مەسىلەن: توينىڭ نان تەييارلىقىنى مەھەللە ئاياللىرى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. تويدىن بۇرۇن ئىككى مەھەللە ئاياللىرى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، ئەتىگەندىلا ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان غىزا-تاماقلىرىنى ئېتىپ، بىر قاچىدىن ئالغاچ ئىككى تەرەپنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ ۋە

كۆلكە-چاقچاق ئىچىدە ئۆز ئارا مېھمان بولۇشۇپ، قولمۇ قول تۇتۇشۇپ تويلۇق ناننى يېقىپ تۈگىتىپ قايتىدۇ. (2) توي كۆچۈرۈلۈشتىن بۇرۇن، قىزنىڭ ھويلىسىدا چېلىشىش بولىدۇ. چېلىشىشقا دەتتا ياشانغانلارمۇ چۈشىدۇ. چېلىشىشتا ئۇتۇپ چىققانلار دەرىجىگە ئايرىلىپ ماددىي مۇكاپات بېرىلىدۇ. بىرىنچى بولغانغا «كۆچتۈڭگۈر» دېگەن ئاتاق ۋە بىر كىيىملىك رەخت بېرىلىپ، بېلىگە يېڭى پوتا باغلىنىدۇ. ئىككىنچى بولغانغا، بىر يېرىم مېتىر رەخت ۋە تويغا سويۇلغان مالنىڭ يۈرۈشلىرى (كاللا-پاقالچاق، زاسويلىرى)دىن بىر يۈرۈش بېرىلىدۇ. ئۈچىنچى بولغانغا، كاللا-پاقالچىكىتىن بىر يۈرۈش، تۆتىنچى بولغانغا بىر پوتا بېرىلىدۇ. (3) قىز كۆچۈرگىلى كەلگەندە ئىككى تەرەپ يىگىتلىرى ئوتتۇرىسىدا چاق (ھارۋا چاقى) تالىشىش مۇسابىقىسى بولىدۇ، كۆپىنچە ھاللاردا يىگىت تەرەپ ئۇتۇپ چىقىدۇ. تۆت ئادەم چاقنى كۆتۈرۈپ، بىر ئادەم ئۈستىدە ئۇسسۇل ئويناپ، يىگىت تەرەپكە ئېلىپ كېتىلىدۇ ۋە ئېگىز دەرەخكە ئېسىپ قويۇلىدۇ. قىز تەرەپ يىگىتلىرى ئەتىسى كېلىپ مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش ياكى بىر ئوغلاق بېرىش شەرتى بىلەن ئېلىپ كېتىدۇ. (4) قىز تەرەپتىن كېلىدىغان ئىسسىقلىققا ئالاھىدە كاللا-پاقالچاق قوشۇپ ئەۋەتىلىدۇ. كاللا-پاقالچاق، سۆيى بىلەن ئىسسىق پېتى كېلىدۇ. بۇنىڭ ھوردا يىگىت بىلەن قىزنىڭ باش-كۆزى ھورداتىلىدۇ. بۇنىڭدا يىگىت بىلەن قىزنىڭ بىر-بىرىگە مېھرى ئىسسىق بولسۇن دېگەنلىك مەقسەت قىلىنىدۇ. (5) چاچ تۇشۇرگە: توينىڭ 5-كۈنى تويدا خىزمەت قىلغانلارغا تەشەككۈر زىياپىتى بېرىلىدۇ. بۇ «چاچ تۇشۇرگە» دېيىلىدۇ. بۇ زىياپەتتە تويغا خىزمەت قىلغانلار مەخسۇس تۈگمە ئاش (چۆچۈرە) بىلەن ئۇزىتىلىدۇ.

بۆشۈك توي: تۇرپان، قۇمۇلدا بۆشۈك تويى بوۋاقنىڭ قىرقى توشقان كۈنى قىزنىڭ ئائىلىسىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ كۈنى ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا-ئانىسى، تۇغقانلىرى جەم بولغاندىن تاشقىرى بالىسى تۇرغان ئاياللار ۋە بۇۋىلەر تەكلىپ قىلىنىدۇ. پوشكال، قۇيماق سېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن بوۋاق ئۈچۈن، كۆڭلەك، ئىشتان پايپاق، يېگىدىن ئوۋۇدا، تاتقۇ، كۆپچەك قاتارلىق بۆشۈك جابدۇقلىرى ھازىرلىنىدۇ. ئىلاجى بار بالىسى تۇرغان ئاياللارنىڭ بىر نەچچە بالىسىنى بۆلەپ چوڭ قىلغان بۆشۈكى تاللاپ ئېلىنىدۇ. بالىنى بۆشۈككە سېلىشتىن بۇرۇن قىرقى چېچى ئېلىنىپ، يۇيۇلىدۇ. چاچ ئېلىش ئۈچۈن ئۆزى يۇۋاش، قولى يېنىك، ئوستۇرا تۇتۇشتىن خەۋىرى بار ياشراق بىرسى تەكلىپ قىلىنىپ، پوشكال، قۇيماق بىلەن مېھمان قىلىنىدۇ. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوڭ قولىنىڭ بېغىشىغا يېڭى بىر قولياغلىق چىگىلىدۇ. ئاندىن چاچ ئېلىنىدۇ. چاچ ئالغۇچىنىڭ ئالدىغا ئۆز لايىقىدا بىر نەرسە (بىر كىيىملىك رەخت ياكى پۇل) قويۇپ ئۇزىتىدۇ. بۇ رەسمىيەت تۈگىگەندىن كېيىن بالىغا مەخسۇس تىكتۈرۈلگەن قۇراق چاپان كەيدۈرۈپ، بۆشۈككە سېلىنىدۇ. ئۇنىڭغىچە كىچىك بالىلاردىن 40 بالا چاقىرىپ كېلىنىدۇ. بالىلار بۆشۈكنىڭ ئاياغ تەرىپىدە قاتار بولۇپ تۇرىدۇ. بۆشۈكنىڭ بىر يېنىغا ئۈزۈم، چىلان ئارىلاشتۇرۇلغان بىر قاچا بوغۇرساق قويۇلىدۇ. تۇنجى بالىسىنى قاتارغا قوشقان ئايالدىن بىرى بۆشۈكنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، بالىلارغا بۆشۈكنىڭ يېنىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈش ۋە بوۋاققا دەيدىغان گېپىنى جىكىيدۇ. ئاندىن ئالدىدا تۇرغان بالا كېلىپ بۆشۈك ئاستىدىن قولىنى سۇنۇپ: «ئىڭگانا» دەيدۇ، ھېلىقى ئايال ئۈزۈم، چىلان ئارىلاشتۇرۇلغان بوغۇرساقتىن بىر سىقىم ئېلىپ: «مانا ساڭا» دەپ بالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ، شۇ تەرىقىدە 40 بالا بۆشۈك يېنىدىن ئۆتۈپ چىقىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بالا بۆشۈككە رەسمىي بۆلىنىپ بۆشۈك تويى ئاخىرلىشىدۇ.

سۈننەت تويى: تۇرپان، قۇمۇل رايونىدا بۇرۇن سۈننەت توي دائىرىسى كىچىك، ئاددىي ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن. ئەمما ئاراتۇرۈك ناھىيىسى، تۇرپاننىڭ ئاستانە، قاراغوجا قاتارلىق يېزا - قىشلاقلىرىدا رەسمىي توي قاتارىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ جەھەتتە، سۈننەت قىلىنغۇچى بالىغا يېڭىدىن بىر قۇر ئۈستىباش، يوتقان - كۆرپە ھازىرلىنىشتەك ئورتاقلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەنە مۇنداق ئالاھىدىلىكلەر مەۋجۇت: (1) دائىرىسى كەڭ بولىدۇ. قول - ئىلكىدە بارلارنىڭ ئالدى بىرەر كالا، ئىككى - ئۈچ قوي، ئادەتتىكىلىرى بىرەر قوي ئۆلتۈرۈپ مەھەللىدىكىلەرگە ئاش تارتىدۇ، ئەمما رەسمىي باغاق تارقىتىلمايدۇ. (2) سۈننەت قىلىنغۇچى بالا سۈننەت قىلىنىشتىن بىر كۈن بۇرۇن تەڭدىمەت بالىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاتلىق يۈرۈپ يېزا ئارىلاپ بىر كۈن ئوينايدۇ. بالا مىنگەن ئاتنىڭ يۈگەن، ئىگەر، قۇشقۇنلىرى، يوپۇقلىرى چىرايلىق بېزىلىدۇ. ئەگەر ئۆزىنىڭ ياكى بەزى تەڭدىمەتلىرىنىڭ ئۆيىدە ئات بولمىغان تەقدىردە ئىلاجى قىلىپ ئات تېپىش شەرت. (3) بالىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى تون ۋە بىرەر كىيىملىكتىن رەخت قاتارلىق سوۋغات ھازىرلايدۇ. (4) يېزىدىكى بالىلارمۇ ئۇلارنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەردار بولغاچقا، مەلۇم تەييارلىقتا بولۇپ، ئۆز باشلامچىلىرىنى «سايلايدۇ». (5) بالا ئالدى بىلەن تۇغقانلىرىنىڭكىگە بېرىپ ئاندىن مەھەللىسىنى ئايلىنىپ قايتىدۇ. بۇ جەرياندا، بالىنىڭ تۇغقانلىرى سوۋغاتلىرىنى بېرىدۇ، تون ھازىرلىغانلىرى بولسا، كيدۈرۈپ قويىدۇ، رەخت ھازىرلىغانلىرى بولسا، بالىنىڭ بېلىگە ۋە ئاتنىڭ بېشىغا چىگىپ قويىدۇ. شۇنىڭدەك بالىنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئېتىنىڭ بېشىغا، يايلىسىغا ئۇزۇن - ئۇزۇن رەڭدار لاتىلارنى ئېسىپ قويىدۇ، بالىلارنىڭ بەزىلىرىگە بەلباغمۇ چىگىپ قويىدۇ. مەھەللە ئىچىنى ئارىلاپ ئۆتكەندە مەھەللە بالىلىرىنىڭ باشلامچىلىرى بالىنىڭ بېلىگە پوتا ۋە ئاتلارنىڭ بېشىغا رەڭدار لاتىلارنى چىگىپ قويىدۇ. بالىنىڭ يېزا ئارىلاپ ئوينىشى «ئەتە مېنىڭ سۈننەت تويۇم، يۇرت - مەھەللە سىلەرنى تەكلىپ» دېگەن بىشارەتتىن ئىبارەت. ئاراتۇرۈكتە ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشىراق بىرەر ئائىلە بالىسىنى سۈننەت قىلىشقا ھازىرلىق كۆرگەندە، مەھەللىدە يەنە سۈننەت قىلىش يېشىغا توشقان بالىلار بولۇپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمىگەن تەقدىردە، شۇنداق ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرىنى يىغىپ ئۆزىنىڭ بالىسى بىلەن بىللە سۈننەتكە ئولتۇرغۇزۇپ بېرىدۇ ۋە بالىلار ئۈچۈنمۇ يېڭىدىن بىر قۇر ئۈستىباش قىلىپ بېرىدۇ. ئەمما، بۇ بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن ھەر قانداق شەكىل ئارقىلىق ھەق تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ ئاراتۇرۈك ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە ئومۇملاشقان بىر ئىجتىمائىي ئادەت.

## ئۆلۈم - يېتىم ئادەتلىرى جەھەتتە

بۇ جەھەتتە ئاساسەن قۇمۇل رايونىدا مۇنداق مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكلەر مەۋجۇت: (1) مۇسىبەت بولغان ئائىلىگە پەتىگە كەلگەن بارلىق ئەرلەرگە بىر مېتىردىن ئارتۇق ئاق (بوز ياكى خەسە)، ئاياللارغا داكىدىن بىر ياغلىقلىق تارقىتىلىدۇ. (2) مېيىتنى ئۇزىتىپ ماڭغاندا، ئەرلەر تاۋۇتنىڭ يوپۇقى ئۈستىگە دەستار، ئاياللار تاۋۇتنىڭ ئۈستىگە بىر دانە ئەنئەنىۋى دوپپا قويۇلىدۇ. بۇ دوپپا تىكىلىشى، شەكلى جەھەتتە ئۇيغۇرلار كىيىدىغان باشقا دوپپىلارغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ، شەكلى موگۇ شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمما، يۇمىلاقلىق ئايلانمىسى يانغا ۋە چوققا تەرەپكە كۆپمە ھالدا كېلىدۇ. ئاغزى جىيەكسىز دېگۈدەك بولۇپ، ئايرىم جىيەك تۇتۇلماي، تۆۋەندىن تۆپىلىك تەرەپكە قايرىلىدۇ ۋە چۆرۈلدۈرۈپ ئۈنچە، مەرۋايىتتىن كۆز قويۇلىدۇ، ئالدى تەرەپكە قۇش پېيى قادىلىدۇ.

(3) مېيىت يەرلىككە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن تۇپراق بېشىغا چىققانلارغا بىر ئۇچۇمدىن چىلان، كىشمىش ياكى پۇرچاق تارقىتىلىدۇ. بۇنىڭدا، تەڭرىدىن مەرھۇم ئۈچۈن شاپائەت تىلەش مەقسەت قىلىنىدۇ. (4) 100 كۈن توشقاندا بىر نۆۋەت نەزىر بېرىلىدۇ، يىلىدىن كېيىن بەزىلەر يەتتە - سەككىز يىلغىچە، بەزىلەر ئۈچ - تۆت يىلغىچە ھەر يىلى شۇ كۈندە بىر قېتىم نەزىر بېرىدۇ. ئاق تۇتۇش، يۈزىنى ئۆتكۈزۈش، يىلىنى نەچچە يىلغىچە خاتىرىلەش ئۇيغۇر ۋە تۈركىي قەۋملەرىدىكى قەدىمكى بىر خىل ئادەتلەردىن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئادەت كۆپچىلىك رايونلاردا ئۇنتۇلغان، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىدا بولسا، ئىسلام شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇ ئادەت تۈركىي قەۋملەردىن بولغان ئالتاي رايونىدا ياشايدىغان بۇددا دىنىدىكى تۇۋالاردا ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا.

## ئەنئەنىۋى بايراملار جەھەتتە

تۇرپان، قۇمۇلدا ئۇيغۇرلارغا ئورتاق روزى ۋە قۇربان ھېيت بايرىمىدىن تاشقىرى يەنە مۇنداق ئەنئەنىۋى بايراملار ئۆتكۈزۈلىدۇ.

1. سارا ①: بۇ تۇرپان، قۇمۇلدا 1930 — 1940 - يىللارغىچە ھەر يىلى باش باھاردا ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن ئەنئەنىۋى بايرام بولۇپ، بىر تۇتاش مۇقىم ۋاقتى يوق. ھەر يىلى يەر - جاھان ئېچىلىپ، دەرەخلەر بىخ سۈرۈپ يوپۇرماق چىقىرىشقا باشلىغان كۈنلەردە پۈتۈن مەھەللە، يېزا - كەنتلەر بويىچە چوڭ-كىچىك، ياش-قېرى ھەممىسى ئەتراپتىكى ھاۋالىق گۈزەل مەنزىرىلىك جايلارغا چىقىپ كەچكىچە سەيلە - تاماشا قىلىپ قايتىدۇ. ياشلار - ئۆسمۈرلەر، جۇۋان-چوكانلار مەخسۇس بىر قۇر يېڭى ئۇستىباش تەييارلاپ كىيىپ، چوڭلار مۇپاكىز كىيىنىپ، چاچ-ساقال بۇرۇتىنى ئالدۇرۇپ، چىرايلىق ياسىنىپ چىقىدۇ. قازان - قومۇچ، سېلىنچا قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ ئېلىپ چىقىدۇ. بۇ كۈنى ئەتىگەندە ھەممە ئۆيدە دېگۈدەك بۇغداي، قوناق، ئارپا، تېرىق، پۇرچاق، گۈرۈچ، ماشتىن ئىبارەت يەتتە خىل دان ۋە جىگدە سېلىپ كۆجە ئېتىلىپ بىر قاچىدىن تالىشىپ ئىچىدۇ. بۇ «يىل ئېشى» دەپ ئاتىلىدۇ. سەيلە - تاماشىچىلار نىشانلانغان يەرگە چىققاندىن كېيىن، ئائىلىلەر بويىچە بىردىن ئورۇن تۇتۇپ، سايىۋەن قاداپ، قازان - قومۇچلىرىنى ئېسىپ، بايرام پائالىيىتىنى باشلايدۇ. ئايرىم - ئايرىم سورۇن تۈزۈپ ھەر خىل ئويۇنلارنى ئوينايدۇ؛ بەزى سورۇندا ئۇسسۇل، نەغمە بولسا، بەزى سورۇندا داستانچىلار داستان ئوقۇيدۇ، بەزى سورۇندا گەپدانلار لاپ ئۇرۇشۇپ قىزىقچىلىق قىلىشسا. بەزى سورۇندا چېلىشىش، ئارغامچا تارتىشىش بولىدۇ، شۇنىڭدەك چاقپىلەك قاداپ چاقپىلەكتە ئۇچۇش بويىچە، ياش قىزلار دەرەخكە گۈلەنگۈچ سېلىپ ئۇچۇپ دەرەخ يوپۇرمىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېلىش بويىچە مۇسابىقىلىشىدۇ، باللار لەگلەك ئۇچۇرۇپ، تال چىۋىقنى ئات قىلىپ چېپىشىپ ئوينايدۇ. ئوقەتچىلەر، تىجارەتچىلەر بىر كۈن بازار قىلىدۇ. بۇ كۈنى ئوقەتچىلەر، سودىگەرلەر ئۆز نەرسىلىرىنى ئادەتتىكى باھاسىدىن يېرىم باھا ئەرزان سېتىپ بايرام تەنتەنىسىگە قايناق - تاشقىنلىق كەيپىيات قوشىدۇ. ئائىلىلەر بويىچە ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان غىزا - تاماقلارنى ئېتىپ ئۆز ئارا مېھمان بولۇشىدۇ. ئۇزۇندىن كۆرۈشمىگەنلەر كۆرۈشۈپ، مۇڭدىشىدۇ. بايرام شۇ تەرىقىدە كەچكىچە داۋاملىشىپ ھەممە خۇشال-خۇرام قايتىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ بايرام ناھايىتى ئۇزاق ئۆتمۈشتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن-

① ئەسلى «سەھرا» بولۇپ، تۇرپان شېۋىسىدا «سارا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىپ ئادەتلەنگەن.

كەن. بۇ بايرامنىڭ باش باھاردا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى، شۇ كۈنى ھەممە ئادەم يەتتە خىل دان ۋە چىگدە سېلىپ ئېتىلگەن كۆجە ئىچىشى ۋە ئۇنىڭ «يىل ئېشى» دەپ ئاتىلىشى، شەكلى، كۆلىمى، مەزمۇنىغا ئاساسەن بۇ بايرامنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى يېڭى يىل بايرىمى بولۇپ، ئىسلامىيەتتىن كېيىن تەدرىجىي «سارا» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ.

شۇنىڭدەك بەزىلەر بۇ بايرامنى «نورۇز» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ بايرامنىڭ «سارا» دەپ ئاتىلىشىغا كەلسەك، ئۇ، ئىسلام دىنىي پائالىيەتلىرى بويىچە تەدرىجىي مىللىي ئادەت تۈسىنى ئالغان «زاراخەتمە»نىڭ بىر ۋارىيانتىدىن ئىبارەت. «نورۇز» ئەسلى پارسچە «يېڭى كۈن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ يېڭى يىل بايرىمىنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يېڭى يىل بايرىمىنىڭ خاتىرىلىنىدىغان ۋاقتى جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىسلامىيەتتىن كېيىن بۇ ئىسىم قوبۇل قىلىنىپ ئۆزلەشكەن.

ھازىر تۇرپان، قۇمۇلدا بۇ بايرامنىڭ ئېتى، مەزمۇنى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ، كۆلىمى تارىيىپ ئاممىۋى خاراكتېرىنى يوقاتقان. ئىختىيار قىلغان ئائىلىلەر ئەتىياز پەسلى ئاخىرلاشقىچە ئۆز ئالدىغا بىر خىل ئوبدان تاماق ئېتىپ مەسچىتكە ئاپىرىپ جامائەتكە قويۇپ بېرىش بىلەن كۇپايىلىنىدۇ. دېمەك، ئۇ ئۆزگىرىپ ئەمەلىيەتتە بىر خىل خالىس نەزىر شەكلىنى ئالغان.

ئارا تۇرۇك ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە يېقىنغىچە يەنە مۇنداق بايراملار مەۋجۇد بولۇپ كەلگەن:

1. سۇ بايرىمى: بۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك خالىس كوللېكتىپ ئەمگەك شەكلىدىكى بايرام بولۇپ، ھەر يىلى باش باھاردا ئۆتكۈزۈلىدۇ. جەريانى: باش باھار يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ كەنت بويىچە ھەممە ئائىلە، ئەر - ئايال، قازان-قومۇچلىرىنى ئېلىپ ئېرىق - ئۆستەڭ بېشى، بۇلاق بويىغا چىقىدۇ. بۇ كۈن ئۇچۇن ياش - ئۆسمۈرلەر، جۇۋان - چوكانلار بىر قۇر يېڭى كىيىم ھازىرلاپ كىيىپ چىقىدۇ. ئەرلەر بۇلاق كۆزىنى تازىلاش، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ لاتقىسىنى چىقىرىش، قاشلىرىنى ياساش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئاياللار چاي قاينىتىپ، تاماق ھازىرلايدۇ، ياشلار - ئۆسمۈرلەر چوڭلارغا ياردەم قىلىدۇ ۋە ھەر خىل ئويۇنلارنى ئوينايدۇ. ئىش ئاخىرلاشقاندا ئۆز ئارا مېھمان بولۇشۇپ قايتىدۇ. قايتاردا ھارۋا چاپتۇرۇش مۇسابىقىسى بولىدۇ.

2. تېرىم بايرىمى: بۇ، يەرگە ئۇرۇق سالىدىغان كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. يەرگە ئۇرۇق سالىدىغان كۈنى ھەممە ئائىلە دېگۈدەك بىر چۆگۈن چاي، بىر تاۋاق قۇيماق ئېلىپ ئېتىز بېشىغا چىقىدۇ. ھەر ئائىلە ئۆز ئالدىغا داستىخان سېلىپ، بالا - چاقىلىرى بىلەن تويغىچە يەپ، قانغىچە ئىچىپ ئاندىن يەرگە ئۇرۇق سالىدۇ.

3. ھوسۇل قۇتلاش: بۇ، خامان تېپىلىپ، چەش دۆۋىلەنگەندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. خامان تەييار بولغان كۈنى ھەر ئائىلە ئۆز ئالدىغا يېتەرلىك قوغۇن - تاۋۇز، بىر تاۋاقتىن قۇيماق، ياكى باشقا تاماق ئېلىپ چىقىپ مەھەللە پېشقەدەملىرىدىن بىرەرسىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىدۇ. پۈتۈن ئائىلە بويىچە چوڭ - كىچىك بىللە ئولتۇرۇپ غىزالانغاندىن كېيىن، ئاندىن ھوسۇلنى كەملەپ ئۆيگە توشۇيدۇ.

4. ئوت ئاتلاش بايرىمى: بۇ ھەر يىلى كونىچە 2 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلىدۇ. جەريانى: شۇ ئاخشىمى مەھەللە كوچىسىغا مەلۇم ئارىلىق قويۇپ، بىر قانچە ئورۇنغا شاخ - شۇمبىلار دۆۋىلىنىپ ئوت يېقىلىدۇ. ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار بەلگىلىك يىراق جايدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتتىن ئاتلاشتا مۇسابىقىلىشىدۇ، مۇسابىقە يېرىم كېچىگىچە داۋاملىشىدۇ.

## مېھمان ئۇزىتىش ئادەتلىرى جەھەتتە

مېھماندارچىلىق: بۇ جەھەتتە كۆزگە چېلىقىدىغان مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكلەر: ① توي، نەزىر ئېشى تارتىش ۋە خاس چاقىرىلغان مېھمانلارنى ئۇزىتىشتا كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى نوپۇز - ئىمتىيازىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىشتا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، بۇ — مېھمانلارنى قارشى ئېلىش، ئولتۇرغۇزۇش ۋە ئۇلارغا ئاش-تائام قويۇش، ئۇزىتىش قاتارلىق تەرتىپ، قائىدىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: چوڭ ئەمەلدار، نوپۇزلۇق زاتلار، ئۆلىما - ئاخۇنۇملار كەلگەندە، ساھىبخان، تۇغقانلىرى ۋە مەھەللە ئاقساقاللىرى ئالاھىدە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قول قوشتۇرۇپ سالام بېرىدۇ، ئاتلىق كەلگەن بولسا، ئالدىغا بېرىپ بىرسى ئاتنىڭ يۈگەن، چۇلۋۇرىنى تۇتسا، بىرى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتتىن چۈشۈرىدۇ. قايتىش ۋاقتىدا، بىرى يۈگەن - چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرسا، بىرى بىر قولىدا ئۈزەڭگىنى تۇتۇپ، بىر قولىدا قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتقا مىندۈرىدۇ، ئۇزاپ ماڭغىچە ھەممە قول قوشتۇرۇپ تۇرىدۇ. مېھمانىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى تۆرگە ئىككىنچى دەرىجىلىكلىرى تۆرنىڭ ئوڭ تەرىپىگە، ئۈچىنچى دەرىجىلىكلىرى سول تەرىپىگە تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئادەتتىكىلەر ئۇلاردىن كېيىن پەۋا تەرەپكە قاراپ ۋە پەۋادىن ئورۇن ئالىدۇ. قولغا سۇ بېرىلىپ داستىخان سېلىنىپ چاي قويۇشتا، ئالدى بىلەن تۆردىكى مېھمانغا ئاندىن تۆرنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى شۇ دەرىجىلىكلەرگە، ئۇلار تۇگىگەندىن كېيىن، سول تەرەپتىكى شۇ دەرىجىلىكلەرگە قويۇلىدۇ. ئاندىن ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ ئادەتتىكى مېھمانلارغا چاي قويۇلىدۇ. داستىخاندىكى نازۇ - نېمەتلەرگە تۆردىكى مېھمان قول سالمىغىچە ھېچكىم قول سالمايدۇ. خاس چاقىرىلغان مېھمان ئادەتتە چاي ۋە 3—4 خىل تاماق بىلەن ئۇزىتىلىدۇ. ئالدى بىلەن نان - توقاچ، قەنت - گېزەك، مېۋە - چېۋە قاتارلىقلار قويۇلىدۇ، ئىككىنچى قەدەمدە گۆش، بىرەر پىيالىدىن شورپا ۋە بىر قاچىدىن خام قىيمىلىق ئۆگرە ياكى چۆچۈرە قويۇلىدۇ، ئۈچىنچى قەدەمدە مانتا ياكى پولو قويۇلىدۇ. مېھمان كېلىشكە ئۆلگۈرتۈپ مال سويۇلىدۇ. گۆشمۇ مېھمانلارنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ قوي ئەزاسىنىڭ دەرىجىسى بويىچە قويۇلىدۇ. باش تاۋاققا (تۆرگە) قۇيرۇقى ئاجرىتىلمىغان دۈمبە ۋە دۈمبە جىگەر قويۇلىدۇ. باشقا تاۋاقلارغا سۆجە، ئىلىك، تاغاق، قول ئىلىك، قوۋۇرغا ئاساس قىلىنىپ قويۇلىدۇ. ئاياللار ئۈچۈن باش تاۋاققا تۆش، دۈمبە جىگەر قويۇلىدۇ. توي، نەزىر ۋە خاس چاقىرىلغان مېھمانلارنى ئۇزىتىش بويىچە يۇرتتا داڭقى چىققان تەجرىبىلىك ئادەملەر بولۇپ، مېھمان ئۇزىتىشتا مەخسۇس شۇ ئادەملەر تەكلىپ قىلىنىدۇ. بۇلار «بۆكۈل» دەپ ئاتىلىدۇ. تۇرپان، قۇمۇلدىمۇ باشقا رايونلاردىكىگە ئوخشاش تۆر تالىشىپ رەنجىشىپ قالىدىغان ئىشلارمۇ سادىر بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ھال، بولۇپمۇ ئاياللار ئىچىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

**توي ئېشى:** تۇرپان، قۇمۇلدا بۇرۇنقى چاغلاردا، تويدا مېھمانلارنى ئاساسەن، نان - چاي، گۆش ۋە بۇغداي يامىسىدا قىلىنغان كۆجە بىلەن، كېيىنچە كۆجە ئورنىغا پولو بىلەن ئۇزىتىش ئومۇملاشقان. تويدا، ئادەتتە ئىككى-ئۈچ قوي ياكى بىرەر كالا ئۆلتۈرۈلۈپ، گۆشى پىشۇرۇلىدۇ، شورپىسىغا گۆش توغراپ كۆجە ئېتىلىدۇ، چاي قۇيۇلغاندىن كېيىن، ئىككى كاكچە نان ئۈستىگە بىر پارچىدىن گۆش قويۇپ؛ ھەر ئادەمگە بىر ئۈلۈشتىن قويۇلۇش بىلەن بىر قاچىدىن كۆجە قويۇلىدۇ، مېھمانلار كۆجىنى ئىچىپ نان بىلەن گۆشنى زەللە قىلىپ ئېلىپ كېتىدۇ. پولو ئېتىلگەن تەقدىردە ئىككى ياكى ئۈچ ئادەمگە بىر تاۋاقتىن قويۇلىدۇ.

## ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى جەھەتتە

تۇرپان، قۇمۇلدىمۇ باشقا رايونلاردىكىگە ئوخشاش ئىسلامىيەتتىن كېيىن شەكىللەنگەن، بىر موللا چاقىرىپ (ئۈچ كۈن ئىچىدە) بالىنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىپ ئىسىم قويۇش ئومۇملاشقان. يەنە مۇنداق بىر ئادەتمۇ مەۋجۇد: بالىسى تۇرمىغان ئائىلىلەردە بالىغا مەخسۇس سېيىتنىياز، توختىنىياز، تۇرسۇن (تۇرسۇنخان، توختىخان) دېگەن ئىسىم قويۇلىدۇ، شۇنىڭدەك تۇنجى بالىغىمۇ «بالىمىزنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن» دېگەن ئارزۇ - تىلەك ئاساسىدا شۇنداق ئىسىملارمۇ قويۇلىدۇ. ئەگەر بىرەرسىنىڭ بالىسى تۇرمايدىغان ئەھۋال كۆرۈلگەندە، بىرەر مال سويۇپ، 10—20 بۇۋۇنى ۋە بىر نەچچە بالىنى قاتارغا قوشقان ئائىلىلەردىن بىر قانچىسىنى چاقىرىدۇ. ئۆي بوسۇغىسىنىڭ ئاستىدىن بىر تۆشۈك كولاپ ئېچىپ قويىدۇ. بۇۋۇملەر خەتمە ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، داستىخان سېلىنىپ مېھمان قىلىنىدۇ. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن بالا چىرايلىق زاكىلىنىدۇ. بۇۋۇملەر ئىچىدىكى پېشقەدەملەردىن بىر نەچچىسى بىر قولىغا قايچا، بىر قولىغا رەڭدار سىدام پارچە لاتىنى ئېلىپ بالىنىڭ تىلىنى چىقارغىنىغا قاراپ بىر پارچىدىن كېسىپ چىقىدۇ، بۇ كېسىپ چىقىرىلغان پۇرۇچلاردا قۇراق چاپان تىكىپ كېيىن بالىغا كىيدۈرۈلىدۇ. لاتا كېسىلىپ بولغاندىن كېيىن، بالا ئۆگزىگە ئېلىپ چىقىلىپ تۈڭلۈكتىن ئۆيگە چۈشۈرۈلۈپ بوسۇغا ئاستىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاندىن بالىسى تۇزغان پېشقەدەم ئائىلىدىن ئىككىسى بىرى بالىنى كۆتۈرۈپ، بىرى دۈمبىسىگە بىر خورجۇن ئارتىپ توققۇز ئۆيدىن بىر سىقىمدىن ئۇن، بىر قوشۇقتىن ياغ تىلەيدۇ، بۇ تىلەنگەن ئۇن، ياغدا قازان قاتلىمىسىدىن توت-بەشى پىشۇرۇلىدۇ. قاتلىما پىشۇرۇلۇشتىن بۇرۇن شۇ قاتلىمىلارنىڭ بىرىنىڭ ئىچىگە بىر تال مارجان سېلىپ قويۇلىدۇ، كېيىن بۇ قاتلىمىلار بىلەن ئاياللار مېھمان قىلىنىدۇ، ھېلىقى مارجان قايسى ئايالغا چىققان بولسا، شۇ ئايال بالىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئاتا - ئانىسى بىرەر مال سويۇپ بۇۋۇملەر ۋە ھېلىقى ئايالنى مېھمان قىلىپ، ئۇ ئايالنى ئوبدان رازى قىلىپ بالىنى ئېلىپ قالىدۇ. بەزىدە مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بالىنى قايتۇرۇپ بەرمەيدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭغا ئاتا - ئانىمۇ تەن بېرىدۇ. ئەمما، كېيىنچە بالا بىر ئىلاجى قىلىپ قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ.

تۇرپان، قۇمۇلدا ئەنئەنىۋى ئىسىملاردىن: تۆمۈر، تاش، پولات، تۇرسۇن، توختى، تۇردى، چولپان، چىمەن، يۇلتۇز، ئايتىللا، مايسىخان، ئايگۈل، ئىپارخان قاتارلىقلارنى؛ ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۆزلەشكەن ئەرەبچە، پارسچە ئىسىملاردىن: ئابدۇقادىر، مۇھەممەد، ئابدۇماناپ، خەلچە، ئايشەم، پاتەم (پاتىمە) قاتارلىق ئىسىملارنى؛ ئەنئەنىۋى ئىسىم بىلەن كىتابىي ئىسىمدىن بىرىككەن ئىسىملاردىن: ئايجامال، گۈلباھار، توختىنىياز قاتارلىق ئىسىملاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئىسىمنى ئۇچرىتىمىز. بۇ ئۈچ خىل ئىسىم دائىرىسىدىن ئالغاندا، تۇرپان، قۇمۇلدا ئەرلەر ئىسمى بويىچە ئادەتتە، خېۋىر، كېۋىر، ئەنەيتۇل، نەمتۇل، رەۋەيدۇل، رەمەتۇل، ھەبىبۇل، ھەمدۇل، سەيپۇل، گاسىت، ساجىد، مۇسۇل، گاسىل، مۇنۇپ، نۇجۇپ، گاھاپ، مۇھەممەد، ئىبراھىم، غوپۇر، سايىم، ئىمىن، توختىنىياز، سېيىتنىياز، موللىنىياز، تۇنىياز، تۆمۈر، پولات، تۇرسۇن قاتارلىق ئىسىملار؛ ئاياللار ئىسمى بويىچە خەلچە، پاتەم، ھەبىبە، رابى، رەۋىدە، زۇۋىدە، ئامىنە، ھاۋا، ھەنىپە، نۇسرەت، ئايشە، ھۆر، گۆھەر، مەسىدە، سادەت، تاجى، ئايگۈل، ئايتىللا، ئىپار، گۈلسۈم، تىللا، ھەسەل، ئالماس قاتارلىق ئىسىملار كۆپ ئۇچرايدۇ. تۇرپان، قۇمۇلدا ئەرلەر ئىسمىنىڭ ئالدىغا باي، موللا، ئىمام، ھاجى، قارى، مىراپ قاتارلىق تەسىر - ئىمتىياز، ئەمەل - مەنسەپ ۋە دىنىي سالاھىيەت سىمۋولى قىلىنغان ئاتاق قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئومۇملاشقان بولۇپ، جان،

خان، بەگ قاتارلىق ئەزىزلەش ئۇقۇمىدىكى ئاتاق قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئانچە ئومۇملاشمىغان. ئاياللار ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئەزىزلىك، گۈزەللىك، نازاكەتلىك سىمۋولى قىلىنغان گۈل، خان ۋە دىنىي تەقۋادارلىق ئۇقۇمىدىكى بۈۋى، بۇۋدىم دېگەندەك ئاتاق قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئومۇملاشقان. تۇرپان، قومۇل ئويغۇرلىرى ئىچىدە لەقەم قويۇش ۋە لەقىمى بىلەن ئاتاشمۇ ئومۇملاشقان. ئۇنداق لەقەملەر ئاساسەن كىشىلەرنىڭ چىراي-شەكلىدىكى ئالاھىدىلىكى، كەسپى، ماھارىتى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئاساس قىلىنىپ قويۇلىدۇ. مەسىلەن: ئابدۇل ساقال، خېۋىر پالكىز، توخى بۇرۇت، نىياز پالكان (مەرگەن)، رەزاق جەرەن، ساۋۇت پەردىڭ، گېيت داپ ياردى، رەتىپ چاس، مۇھەممەد تۆلكە، نەمۇل تادچى قاتارلىقلار. تۇرپان قومۇلدا يېشقا يەتكەن ئوغۇل بالا جىك، قەيسەرلىك سىمۋول قىلىنىپ «كالە»، قىز بالا ئومىاق، يۇۋاشلىققا سىمۋول قىلىنىپ «بوتام» دەپ ئەركىلىتىلىدۇ.



# مېھماننى يۇيۇندۇرۇپ كۈتۈۋېلىش

بىز ئۆيگە كەلگەن مېھماننى ھەمىشە چاي ۋە تۈرلۈك قەنت-گېزەكلەر بىلەن كۈتۈۋالىمىز. لېكىن سىز دۇنيادىكى بەزى ئەللەردە ئۆيگە كەلگەن مېھماننى يۇيۇندۇرۇپ كۈتۈۋالىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

برازىلىيەدە، ئافغانىستاننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بەزى رايونلاردا مېھماننى كۈتۈۋېلىشتىكى بىرىنچى ئىش — مېھماننى يۇيۇندۇرۇش. مېھمان قانچە ئۇزۇن يۇيۇنسا، ئۆي ئىگىسىگە بولغان ھۆرمىتى شۇنچە چوڭ بولىدۇ. ئەگەر مېھماننىڭ جىددىي ئىشى بولۇپ، ئۇزۇن ئولتۇرالمايدىغان بولسا، ئۆي ئىگىسى مېھمان بىلەن بىللە يۇيۇنغاچ ئۇنىڭ بىلەن بىللە پاراڭلىشىدۇ. ئەگەر مېھمان بىر كۈننىڭ ئىچىدە بىر نەچچە يەردىكى ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارەنلىرىنىڭكىگە بارسا، شۇ بىر كۈن ئىچىدە ئۇ بىر قانچە قېتىم يۇيۇنىدۇ. توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يىتىم قاتارلىق ئىشلاردا ئۆي ئىگىسى بىر نەچچە داس تەييارلاپ، مېھمانلارنى يۇيۇندۇرۇپ كۈتۈۋالىدۇ.

ئارگېنتىنادا كىشىلەر «گۈل بىلەن يۇيۇنۇش»نى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. ئارگېنتىنالىقلار ئائىلىلىرىدە بىر سېۋەت گۈلنى سوغا سېلىپ قويىدۇ. بۇ ئائىلىگە كەلگەن مېھمان يۇيۇنغاچ گۈلنى بەدىنىگە سۈرتىدۇ. ياشلارغا چاي ئىچىرگەندە ياكى ئۇلارنىڭ تويى بولغاندا گۈل سۈيى بىلەن يۇيۇنىدۇ. چۈنكى ئۇلار، سۇ پاكلىقنىڭ، گۈل بەختنىڭ سىمۋولى، سۇ بىلەن گۈل ياشلارغا بەخت ئېلىپ كېلىدۇ دەپ قارايدۇ.

## ئۆرپ-ئادەتلەر

«تاغدىن-باغدىن» ناملىق ژۇرنالنىڭ 1986-يىل 12-سانىدىن: ئابدۇساتتار مۇھەممەد تەرجىمىسى




## قويۇپ بەر ئەركىڭگە

قەييۇم سوپى

دەمۇ-دەم چېكىلەر ئەشۇ دېرىزە،
كېچىچە ئۈزۈلمەس كوچىدىن ناخشا.
كۆزلىرى تەلمۈرگەن، چىرايى غەمكىن،
شۇ ئۆيدە ئۇيقۇسىز بىر گۈزەل تەنھا.

بىلىمەن ئۇ مېنىڭ قوشنامنىڭ قىزى،
نۇرلىنىپ ھۆسنىگە تولغان بىر چېغى.
ئۈمىدلىك چېچەكتە قىلىدۇ جىلۋە،
نۇرانە ياشلىقنىڭ ھەر نوتا - شېخى.

ئۇ لېكىن تەشنا ھەم شېرىن سۆيگۈگە،
تەشنا ھەم شەنبىلىك ئويۇن - تانسىغا.
يىگىتى كېلىشكەن، ياراشقان ئاڭا،
كۆڭلىنى بەرمەيدۇ ئۇندىن باشقىغا.

ئانىسى ئەجەبمۇ تاش يۈرەك ئايال،
ھەر شەنبە چىقارماس ئۇنى تالاغا.
دەيدۇ ئۇ: «بەرمەيمەن سېنى ئۇنىڭغا،
تانسا ھەم كىشىنى قويار بالاغا...».

ھەي ھەدە ئېسىڭدىن چىقتىمۇ سېنىڭ،
شۇ قىزنىڭ دادىسىغا كۆيۈپ - پىشقىنىڭ.

ساۋاتسىز ئاناڭمۇ قىزىدىم بەختى دەپ،
قەدرىگە يەتكىنى ئۆتكەنەك ئىشقىڭنىڭ.

چەكلىمەس سەن ئۈچۈن ھاردۇقتا شەنبە،
قالمايسەن توي - تۆكۈن، چايلاردىنمۇ ھەم.
ئەر بىلەن ئوينايسەن بېقىشىپ ئۇسسۇل،
ئېيتقىنا تانسىدىن بۇنىڭ نەرى كەم.

ھە شۇنداق ئەجدادتىن ئۆتتى ئالەم بۇ،
ئۆزىنى بىلگەندە بىلەر ئۆزگىنى.
قويۇپ بەر قىزىڭنى ئەركىڭگە ئەندى،
مانا بۇ ياشلىقنىڭ سەندىن كۈلگىنى.

سۆيىدۇ ھاياتنى شۇ ئوماق قىزىڭ،
بىلىدۇ ياشاشنى دەۋرىمىزگە ماس.
دەۋرىمىز ئۈمىدلىك، دەۋرىمىز ئەركىن،
كېلەچەك پەقەتلا ئەشۇلارغا خاس.

قەپەزدە قاچانمۇ يېتىلگەن بۈركۈت؟!
قەپەزدە قاچانمۇ سايرىغان بۇلبۇل؟!
شەربەتى، نۇرىدا شېرىن سۆيگۈنىڭ،
يېتىلسۇن يەنىمۇ قىزىڭ گۈل سۇمبۇل!

## يىغلايدۇ

ئەرشىدىن راشىدىن

بېشىدا ئاق، بېلىدە ئاق، لىۋەن بىر يار يىغلايدۇ،
يۇلۇپ چاچىنى، دىلىدىن سۆز قېتىپ، بىسيار يىغلايدۇ.
يىقىلتقان راك دېگەن ئاپەت ئۇنىڭ ۋاپاچىنارىنى،
مۇھەببەتلىك دىلى دەردكە بولۇپ دۇچار، يىغلايدۇ.

ئەجەل بىۋاخ جۇدا ئەتكەچ يىگىتنى — نەۋقىرانىدىن،
جۇدالىق ياش ھاياتىغا سېلىپ دىشۋار، يىغلايدۇ.

لىچەكلىك نائىلاج تاۋۇت بىلەن ماڭماقتا، مىڭ ئەپسۇس!
چېكىپ پەرياد، ئېزىپ دىلنى، ئۆكۈپ مۇڭ-زار، يىغلايدۇ.

تەسەللىچى مومايلارنىڭ قولىدىن يۆلىنار دەم-دەم،
بولۇپ كەڭرى دالاي-نايىزان قەپەزدەك تار، يىغلايدۇ.

تىلىدا ئاشىقىنىڭ پەزلى بىر-بىر نەيلىنەر زىكرى،
ئاڭا مېھرى-ۋاپاسىنى قىلىپ ئىزھار، يىغلايدۇ.

قېنى جانغا ئارام سۆھبەت، سۆيۈشلەر — بەختىيار دەملەر؟
ۋىسالغا قانمىغان قەلبى بولۇپ بىمار، يىغلايدۇ.

ئىلاج بولغاي قاچان راكتىن خالاس ئەتمەككە ئىنسانىنى،
يەنە قانچە پەرى يەڭلىغ گۈزەل دىلدار، يىغلايدۇ؟

# ئاشىقلار تىلى

ياسىن ئىمىن

ئەجەبمۇ كۆيىمەن ساڭا،
ئەجەبمۇ كۆيىمەن ساڭا.
بۇ ئاشىقلار تىلى،

ئەجەب تىل ھە،
پاك دىللاردىن چىققان سادا.

ئۇ سورايدۇ:

سەن قەيەردە ماڭا؟
بۇ سورايدۇ:

سەن قەيەردە ماڭا؟
تۇۋا،

جاۋابمۇ ئوخشاش،
بىر يۈرەكنىڭ كىلاپانىدىن،

ئوخچىغاندەك قانلار تومۇرغا.
مەن يۈرىكىمدە.

مەن يۈرىكىمدە.
تىڭشاپ باق سوقۇشلىرىنى،
قۇلىقىڭنى، يېقىپ يۈزۈڭنى،

باغرىڭنى،

بىلىسەن شۇ چاغ تېپىشلىرىنى.
ئۆرتىنىپ، پۇچۇلىنىپ كۆيۈشلىرىنى،

سېنىڭ ئىشقىڭدا يېنىشلىرىنى.
تىلىكىمىز شۇ:
بولۇپ بىر تەن،


ۋاپا ئاسمىنىدا نۇرلار چاچايلى.
قېنى تاھىر، قېنى زۆھرە،
قېنى مەجنۇن، قېنى لەيلى،
قېنى ۋامۇق، قېنى ھۇزرا،

ئاشىقلار دۇنياسى ھەيران قالسۇن.
ئۇلار ئالدىغا،
قول تۇتۇشۇپ بىرگە بارايلى.
ھەرگىز

يېنىپ قالمىسۇن پۇشايمان ئوتلىرى،
تارتىپ قالمايلى ھىجران دەردىنى.

قۇچاقلاپ قالمايلى ئارماندا كەتكەن،
پاك سۆيگۈ يولىدا جان بەرگەن،

يىگانە ئاشىق،
بىچارە ياتقان غېرىب قەبرىنى.





# بۇ چۈش ئەمەس



(ھېكايە)

تۇختى ئايۇپ

1

... يەنە شۇ ساراي ئۆي· زەڭگەر رەڭلىك، كۆپتۈرمە نەقىشلىك سۇلياۋ قەغەز يېپىشتۇرۇلغان تۆت تام. تامغا تارتىلغان، يەرگە سېلىنغان، گۈللىرى ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرىدىغان گىلەم. ئۆينىڭ ئوڭ بۇلۇڭىغا قويۇلغان يىگىرمە دىيۇملۇق، يىراقتىن كونترول قىلىنىدىغان رەڭلىك تېلېۋىزور. سول بۇلۇڭغا قويۇلغان ئالتە كانايلىق، قوش لېنتىلىق، ئىمپورت قىلىنغان رادىئولۇق ئۈنئالغۇ. ئۆينىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى قوش ئەينەكلىك، كۆك سىرلىق دېرىزە، دېرىزىگە تارتىلغان گۆشرەڭ دۇخاۋا پەردە، دېرىزە تۈۋىدە بىر بېشى تامغا تىرەلگەن قېلىن لۆم-لۆم كارىۋات. تورۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇغا مۈڭگۈزىدەك ھەر تەرەپكە شاخ ئارتقان ناۋاترەڭ ئاسما چىراغ. ئۇنىڭ شاخلىرى ئارىسىدا گىژدىلداپ ئۇچۇپ يۈرگەن چىۋىن...

قادىر ھاكىم كارىۋاتتا ئوڭدا يېتىپ ئۇ نەرسىلەرنى تالاي قېتىم ساناپ كۆرگەن. ئۇ نەرسىلەرنىڭ نەكى-تۇرقى، سانى ئۇنىڭدىلا ئەمەس، چۈشىدىمۇ ئۆزىگە ياد بولۇپ كەتكەن. ئۇ بۇرۇن بۇ نەرسىلەرنى ئۆز قۇدرىتىنىڭ ۋە شان-شەۋكىتىنىڭ مەڭگۈلۈك نامايەندىسى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلاتتى. ئۇنىڭ بىلەن ھوزۇرلىناتتى، لېكىن، ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ راھەت بەخش سارىيىدىنمۇ، ئۇنىڭدىكى ھەشەمەتلىك زىبۇ-زىننەتلەرنى تاماشا قىلىشتىنمۇ بەزدى. ئۈستى-

ئۇستىلەپ يىققان، قات-قات دۆۋىلىۋەتكەن دەپىنە-دۇنياسىنىڭ سانىنى ئېلىپمۇ زېرىكتى. ئەمدى ئۇ نەرسىلەر ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك شادلىق، ئاراملىق بەخش ئېتەلمەيدى. ھەممىدىن بىزار بولدى، ئاستىدىكى ئۈچ قات قېلىن كۆرپە، بېشىدىكى قوش ماموق ياستۇق ئۇنىڭ ئارامسىز بەدىنىگە تاقىرسايىنىڭ قىرلىق شېغىل تاشلىرىدەك سانجىلىدىغان، ئۇگە-ئۇگىلىرى تېشىلىپ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى.

قادىر ھاكىمنىڭ ئۆزى كۆپرەك يالغۇز ئارام ئېلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بۇ ساراي ئۆيى شۇنچىلىك. ئۇنىڭ يەنە يانىدىكى ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيىمۇ بۇنىڭدىن زىيادە دەپىنە-دۇنيا، قىممەت باھالىق ئۆي جاھازلىرى، پېتى بۇزۇلمىغان قات-قات گىلەم، دەستە-دەستە چامادان، ساندۇق، تورۇسقا تاقاشقۇدەك كېگىز-تاغلىمات، يۈك ئەدىيال، توپ-توپ ئەن رەختلەر بىلەن تولغان. ئۇ بۇرۇن بۇ نەرسىلەر بىلەن ھوزۇرلىناتتى. مەس بولاتتى. لېكىن گاھىدا ئۇمۇ ئازلىق قىلغاندەك، يەنە نېمىدۇر يېتىشمەيۋاتقاندەك كۆڭلى يەنە ئاللىقانداق بەلگىسىز قانائەتسىزلىكنىڭ نەپسىنى كۆيدۈرگۈچى ئوتلۇق ۋەسۋەسىسى بىلەن ئۆرتىنەتتى. ئەمدى ئۇ باشقىچە بولۇپ قالدى. بۇ دەپىنە-دۇنيا ئۆزىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۆيگە تىقىلىپ قالغاندەك، ئۆزى شۇ نەرسىلەر ئاستىدا بېسىلىپ قېلىپ، نەپسى يېتىشمەيۋاتقاندەك، ئەجەل قوزغۇنلىرى بېشىدا ئايلىنىپ يۈرەك-باغرىنى چوقۇۋاتقاندەك ۋۇجۇدى قورقۇنچ، ۋەھشەت ئىچىدە قالدى. تۆت ئېغىزلىق ئۆيگە لەببالەپ تولغان بۇ بايلىق-دۇنيا ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئارامسىزلىق، ھەسرەت ۋە دەرد-ئەلەملىرى ئۈچۈن دال بولالمىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى تاغ كەلكۈنىدەك ھەيۋەت گۈلدۈرلەپ چىقىدىغان سۈرلۈك ئاۋازى ئۆچتى. چىنارىدەك بەردەم، تاغنىڭ قورام تاشلىرىدەك مەزمۇت گەۋدىسى كەچ كۈزدە دېھقاننىڭ نەزىرى چۈشمەي باراڭدا ساڭگىلاغلىق پېتىچە ئۇششۇپ قالغان نوگاي قاپىقىدەك سولىشىپ قالدى. ئۇ ئىككى ئايدىن بېرى ئۆيدە ئاغرىقچان، تالا-تۈزگە چىقمىدى. گاھىدا دەرۋازىنى قاققانلارغىمۇ چىقىپ ئىشىكنى ئاچمىدى، ھېچكىم بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمىدى. نېمىشقا كۆرۈشىدۇ؟ ئاشۇ ۋاپاسىز، دىلى بۇزۇق، يۈزسىز ئادەملەر بىلەنمۇ؟ ئۇ ئەمدى بىلدى: جاھاندىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قۇۋ-دەككار، ئىچى ئوغا-زەھەر، دۈشمەنلىك بىلەن تولغان. بولمىسا نېمىشقا ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلىدۇ؟ نېمىشقا ئۇنى ھاكىملىقتىن ئۆرۈپ تاشلايدۇ؟

مۇئەللىپ ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى قەيت قىلىشنى زۆرۈر تاپىدۇ. كىتابخانغا ئايان بولىدۇكى، قادىر ھاكىم ئەمدى ھاكىملىقتىن قالغان. لېكىن مۇئەللىپ ئۇنى ئەسلى ئىسمى بويىچە «قادىر ئاخۇن» دەپ ئاتاشقا تىلى بارمايدۇ. فامىلىسى بويىچە «قادىر چورۇق» دېيىشكە تېخى تىلى كۆيىدۇ. «قادىر ھاكىم» ئۇنىڭغا يەنىلا ئىنتايىن باپ ئىسىم، چۈنكى «ھاكىم» ئاتالغۇسى ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن خۇددى چايدا ئېرىگەن ناۋاتتەك شۇنچىلىك بىرلىشىپ سىڭىشىپ كەتكەنكى، ئۇنى بىر-بىرىدىن ئايرىش ئەلۋەتتە مۇئەللىپنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ قادىر ھاكىم ئىككى ئايدىن بېرى ئاشۇ ئەلەملىك سوئال ئىسكەنجىسىدە تولغىناتتى.

يۈرىكىگە ئوق تەككەن كىيىك دەماللىققا ۋۇجۇدىدا ئاغرىق سەزمىگەندەك، قادىر ھاكىم بۇندىن ئىككى ئاي بۇرۇنقى سايلام كۈنى كۈتۈلمىگەندە ھاكىملىقتىن قالغان چاغدا يۈرىكى «جىغ» قىلىپ، ۋۇجۇدى ئوق تەككەن كەبى قاتتىق سىلكىنگەندەك قىلغانىدى، ئەمما بۇرۇتىنى تەۋرەپ قويمىغان. ئەمما كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، يارا

ئېغىزىدىن قىپقىزىل قان ئېتىلىپ چىققاندىن كېيىن كىيىك ئاچچىق ھۆركىرەپ، ئاغرىق ئازابىدىن ئىككى تەرەپكە تولغىنىپ، تاغ قاپتىلىغا دومىلاپ چۈشكىنىگە ئوخشاش، قادىر ھاكىم ئۆزى ئايرىلىپ قالغان ھوقۇق، مەنسەپ بىلەن تەڭ بۇرۇنقى سەلتەنەتى، ئۆزىگە يارىشىدىغان مەغرۇرلۇقى، كۈچ-قۇدرىتى ۋە ئارزۇ-ھەۋىسىدىن بىراقلا جۇدا بولغاندەك، ئۆزىنى بىردىنلا قېرىغان، قەددى مۈكچەيگەن ھالدا ھېس قىلماقتا. ھەيھات! بۇ نېمە بولغىنى؟ ياكى بۇرۇن ئۇنىڭ گەۋدىسىنى ھوقۇق ئىمتىيازىدىن ئىبارەت چەكسىز سېھرىي كۈچلا سۇرلۇك، قامەتلىك ۋە سەلتەنەتلىك كۆرسىتىپ تۇرغان بولغىيمىدى؟ ئەمدى ئۇ ئامەت قولىدىن كەتكەندە بۇ گەۋدىنىڭ دەشتىي چۆلدىكى يىلتىزىنى بوران ئېچىۋەتكەن قاخشال توغراقتەك غېرىبانە قىڭغىيىپ قالغىنى نېمىسى؟

نېرىدىكى ئۆيدىن سەھرالىق يېپچى مومايىنىڭ كونا چاقىنىڭ غۇيۇلدىشىدەك ئىنچىكە سوزۇق ئاۋاز كېلىدۇ. بۇ، بايا خاپا ياتقان ئېرىدىن ئىككى تەستەك يەپ، دادپەريادلىق ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋەتكەن رابىيخاننىڭ ئاچچىق يىغىسى. بۇلار ئىككىسى ئوتتۇز ئالتە يىللىق ئىناق ئۆتكەن ئەر-خوتۇن. لېكىن رابىيخان ئىككى ئايدىن بېرى قادىر ھاكىمدىن بەش نۆۋەت تاياق يېدى. بۇ نېمە بولۇپ كەتكىنى؟ ئوتتۇز ئالتە يىل ئىچىدە ئىككىسىنىڭ مىجەز - ئادەتلىرى بىر-بىرىگە بەش قولدەك ئايان بولۇپ كەتكەن، بىراق ئىككى ئايدىن بېرى ئۇلار بىر - بىرىگە تامامەن چۈشىنىكسىز سىرلىق، يات ئادەملەردەك بولۇپ قالدى.

رابىيخان ھەيران: ئوتتۇز ئالتە يىلدىن بېرى پېشانىسىگە تاق قىلىپ چېكىپ باقمىغان بۇ ۋاپادار، مېھرىبان ئەر ئەمدى نېمىشقا بىردىنلا بەڭگىدەك سەپرا، قىمارۋازدەك زالىمتاياقچى بولۇپ قالدى؟ ياكى ئۇ باشقىلاردىن ئالالمىغان ئۆچىنى ئۆزىدىن ئالماقچىمۇ، ئىچىدىكى غەزەپ ئاچچىقىنى تاياق بىلەن چىقارماقچىمۇ؟

قادىر ھاكىم بولسا، خوتۇنىدىنمۇ بەك ھەيران ۋە خاپا: بۇ نېمە ئىش؟ ئوتتۇز ئالتە يىللىق قەدىناس بولغىنى قېنى ئۇنىڭ؟ «سىلىدىن كۆپۈرلۈق ئۆتكەن» دەيدۇ تېخى؟ مېنىڭ ھاكىملىقتىن قالغىنىمغا خۇش ئىكەن - دە، ئۇ ئىپلاس! مېنىڭ قانچىلىك دۆلىتىمنى كۆرمىدى ئۇ؟ باشقىلارنىڭ خوتۇنلىرى كىيمىگەننى كىيدى، يېمىگەننى يېدى، پۈتۈن ناھىيىدىكى خوتۇنلار سورۇنىنىڭ باش تۆرى ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولدى، ئۇنىڭسىز ساھىپخانىنىڭ داستىخىنى ئېچىلمىدى، ئۇنىڭسىز توي بولمىدى. ئۇنىڭغا ئاشۇ شان - شۆھرەت، نام - ئابروي نەدىن كەلگەن؟ ئۇ نېمىشقا ئويلىمايدۇ؟ ئويلىسا ئەلۋەتتە بايىتىمدەك يۈرىكىمگە نەشتەردەك سانجىلىدىغان سۆزنى قىلمايتتى، دەردىمگە دەرمان، قايغۇمغا ئورتاق بولاتتى...

— ۋاي قويسىلا ئەمدى، ئىككى ئايدىن بېرى يېتىمچۇ زېرىكمىدىلە ئىگەكىم، — دېدى بايا رابىيخان بېشىنى ئارىسىغا تىقىۋالغان قوش ياستۇقنىڭ بىرسىنى قايرىپ.

قادىر ھاكىم ئىششىپ ساڭگىلىغان گۆشلۈك قاپاقلىرى ئارىسىدىكى ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزارغان ياغلىشاڭغۇ كۆزلىرىنى خوتۇنىغا تىكتى:

— تاماقلار پىشقانمىدى؟

— تاماق؟ ئەتىگەندە نېمە دېگەن؟

— نېمە دېگەن؟

— ئۇن بولمىسا، توپىدا خېمىر يۇغۇرغىلى بولمايدۇ.

— تۈگىگەن بولسا پونكىتتا بېرىپ ئەكېلمىدىغان.

— ئاغرىق پۇتۇمنى سۆرەپ مەن بارامدىمەن؟

— ئەمىسە مەن ساق ئىكەنمەن - دە!

— ھەر ھالدا يېتىپ قالغۇدەك ئەمەس.

قادىر ھاكىم كاردىۋات ئۈستىدىن تويپەككاقىدى.

— ھەي، نېمە كاپشىيسەن، سەن بىلمەمسەن كېسەللىمىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىنى؟

— بىلمەمەن نېمىشقا بىلمەيدىكەنمەن؟ خەققە بۇتناپ يېتىۋالدىلا، شۇ.

— ئەستاغپۇرۇللا! — قادىر ھاكىم كۆشلۈك زاڭقىنى سىقىمدىدى، — ھەي! سەن دەۋاتامسەن مۇشۇ گەپنى؟

— راست دەيمەن قادىر ئاخۇن، — رابىيخان ئېرىنىڭ كۆمۈردەك قارىداپكېتىۋاتقان قەھىرلىك چىرايىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ خۇددى كىچىك بالىغا نەسىھەت قىلىۋاتقاندەك سۆزلىدى، — كېسەل بولسىلا دوختۇرغا ئاپىراي، قوپسىلا، بولمىسا مۇنداق يېتىۋالمىسىلا، سەت تۇرىدۇ. ئەل-جامائەت ئاڭلىسا نېمە دەيدۇ؟ ئابروي دېگەن مۇشۇنداق ئىشتا تۆكۈلىدۇ. ھاكىملىقتىن قالغان بولسىلا بوپتۇ. كىمدىن قالمىغان ئەمەل بۇ؟ ئەمەل تۇتتۇپمۇ ياشىدىلا، ئەمدى پۇقرا بوپمۇ ياشىسىلا، بۇنىڭ نېمىسى يامان؟ قوپسىلا.

— سەن نېمىنى بىلىسەن؟ ئىشىڭنى قىل! — قادىر ھاكىم قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ غەزەب بىلەن ۋارقىرىدى، — مەن بۇيۇرتنىڭ ئاتىسى، بىلەمسەن، 28 يىللىق يۇرت ئاتىسى. كىمدە كىم بولسا، ئالدىرىماي تۇرسۇن، مەن بۇ يۈزسىز مۇناپىقلارغا ئۆزەمنى كۆرسىتىمەن، كۆرسەتمەي قويمايمەن!

— ناھىيىنىڭ 380 مىڭ پۇقراسىنىمۇ؟ — رابىيخان ئىستېھزا بىلەن كۈلدى، — يۈزۈمنى سەت كۆرسەتمەك دەپ ئەينەكنى ئۇرۇپ چاققىلى بولمايدۇ، جۇمۇسىلا. راستىنى ئېيتاي، كۆپۈرلۈك ئەسلى سىلىدىن ئۆتتى.

قادىر ھاكىم ئەمدى تاقەت قىلالمىدى.

— نېمە، نېمە دېدىڭ؟! — ئۇ ئېچىق تاپىنىدەك كۆشلۈك ئالقىنى بىلەن رابىيخاننى ئىككى تەستەك سالدى، — سەن مېنىڭ خوتۇنۇم ئەمەس، ئىپلاس چايانسەن، قېرىندىشىم ئەمەس، قارانىيەت دۈشمىنىم سەن! يوقال! ھازىرلا كۆزۈمدىن يوقال! بولمىسا ئانا - ماناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمەن بىكار!

تۇغۇتىدا كېسەلچان بولۇپ، قورۇغان قومۇش پۆپۈكىدەكلەلەڭشىپ قالغان ئاجىز خوتۇن ئىككى تەستەك بىلەن ئىشىك تۈۋىگەقوغۇن شايىقىدەك ئۈچۈپچۈشتى. لېكىن ئۇ يىغىدىن باشقا بىر ئېغىزمۇ ئۈندىمىدى، يەنىلا دەردىنى ئىچىگە يۇتتى. چۈنكى، بۇ تەرسا ھاكىمنىڭ پۈتۈن ھاياتى سەرگۈزەشتىسى، 28 يىللىق ھاكىملىق تارىخى ئۇنىڭغا ئايان، ئۇ ئەمدى ئەمەل-مەنسەپسىز بىر كۈنمۇ ياشىيالمايدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھوقۇقتىن ئايرىلىش-جاندىن ئايرىلىش بىلەن باراۋەر. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ، ئۇنىڭ گۇناھ-سەۋەنلىكى ئەمەس، كىشىلەر-ئەتراپىدىكى خۇشامەتچىلەر، تەخسكەشلەر، قارانىيەتچىلەر، نادانلار، قول مىجەزلىكلەر ئۇنى شۇنداق يامان ئۆگىتىپ قويغان، يولدىن چىقارغان...

قادىر ھاكىمنىڭ غەزىپى ئىككى تەستەك بىلەن بېسىقمىدى. ئۇ ئەسەبىلىرىنى يوقىتىپ، ئۆيدە پىر-پىر چۆرگىلىدى. بىر ھازاغىچە كىملەرنىدۇر ئەڭ يامان تىل بىلەن قاغاپ تىللىدى. بۇ تىل-ھاقارەت ئىچىدە ئۆزىگە نىسبەتەن ئۆكۈنۈشمۇ، خوتۇنىغا نىسبەتەن قېيداش، غەزەبلىنىشمۇ، يەنە ئالىلىكىملەرگە بولغان نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىكمۇ بار ئىدى.

ئۆزگىنى رەنجىتكەندە ئۆزى رەنجىمەيدىغان ئادەم يوق. قادىر ھاكىم رابىيخاننى ئىككى تەستەك سېلىپ كۆڭلى تېخىمۇ ئەسكى بولدى. ئاچچىق تاماكىدىن ئوراپ چېكىۋېدى ئاغزىغا تېتىمىدى، نېمىشقا؟ بۇنىڭ سەۋەبى پەقەت ئۆزىگىلا

ئايان. ھاكىم ئىككى كۈندىن بېرى ئاچ، ئۇ ئەتىگەندە ناشتىلىق ئۈچۈن ئىچكەن بىر پىيالە ئاچچىق چايدىن باشقا ئاغزىغا قاقچىلىك نان سالغىنى يوق. ئۇ قورسىقىنى قاغاشقا باشلىدى. لەنىتى قورساق ... ئۇمۇ ئىگىسىنىڭ دادىغا يەتمىگەن ۋاپاسىز، ئۇ ھەرقوق تۇتۇپ تۇرغان شۇنچە يىللار ئىچىدە ئۇنى نېمە بىلەن تويۇندۇرمىدى؟ تاغار - تاغارلاپ ئۇن، گۈرۈچ، تېرە تۇلۇمدىكى، تۆمۈر باكلاردىكى ياغ، پۈتۈن - پۈتۈن قوي - قوزىلار، ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىغان توخۇ، تۇخۇم، سۈت، قېيمىز، ھاراق - شاراپلار گويا شارقىراتمىغا قۇيۇلۇۋاتقان دەريا سۈيىدەك مۇشۇ قورساققا ئېقىپ سىڭىپ تۈگىگەنغۇ. ئاچلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان ئىگىسىنىڭ ئېسىدىن چىقارغۇزۇۋەتكەن بۇ قورساق مۇشۇنداق دەرد-ئەلەملىك كۈندە ئۇنىڭغا ئاچلىقنىڭ ئازابىنى سېزدىمىنى ھېس قىلدۇرۇش نېمىشقا زۆرۈر بولۇپ قالدى؟ ئۇ بۇنى ئويلىغانسېرى ئەلەم-ھەسرەتتى كۆچەيدى. ئۇن، ياغ، گۆش... دېگەنلەر ھېچقاچان ئۆكسۈپ باقمىغان ئامبار ئۆيىنىڭ بۈگۈن قانداقچە قۇرۇقدىلىنىپ قالغانلىقىغا ئەقلى يەتمىدى. ئۇ، ئامبار ئۆيىگە كىرىپ تاغار، خالتىلارنى ئۆرۈپ قاردى، ياغ باكلىرىنى كۆتۈرۈپ باقتى. باقى تۆمۈرچى ئالاھىدە سوقۇپ، ئۆز قولى بىلەن لىم ياغاچقا ئېسىپ بېرىپ كەتكەن تۆمۈر كانارىغا قاردى، ھەممىسى قۇرۇغان! ئامبارنىڭ بىر بۇلۇڭىدا قاچانلاردا كىملەردۇر ئېلىپ كەلگەن، ئەمما يېگىلى ئېغىز يوق كۆكىرىپ كاللەكلىشىپ كەتكەن بىر خالتا ئۇن تۇراتتى. يەرگە تۆكۈلۈپ توپا بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن سۇ ياغلىرى لايدەك قارىيىپ، ئاياغ ئاستىدا مىچىلدايتتى. ئامباردىن سېسىغان ۋە چىرىگەن ئاللىقانداق نەرسىلەرنىڭ بەدبۇي پۇرىقى كېلەتتى. بۇلۇڭدىكى چاشقانلارنىڭ سەت چىرىلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قادىر ھاكىمنىڭ كۆڭلى ئاينىدى، ۋۇجۇدى نېمىدىندۇر شۈركەنگەندەك بولدى، ئۇ ھويلىغا چىقىپ، گويا قاردىيىپ كۆرۈنۈۋاتقان ئامبار ئىچىگە قورقۇش، ھەيرانلىق، ئەلەم ۋە سوئال نەزەرىدە گويا ئۇنى ئەمدى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك خېلىغىچە ئۈن - تىۋشسىز قاراپ تۇردى، قارىغانسېرى ئەقلى يەتمىدى. «ئېچىل داستىخىنىم»دەك خىسلەتلىك، ئىچىدىن قىش-ياز ھېچنەرسە ئۆكسىمەيدىغان بۇ مۆجىزىلىك ئامبار ئەمدى «ئاچ! ئاچ!» دەپ نەرە تارتىپ، ئاچلىقتىن خوجايىنىنىمۇ دەم تارتىپ كېتىدىغان يالماۋۇزنىڭ تويماس ئاغزىدەك ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرماقتا.

ھاكىم ئىككى ئاي بۇرۇنقى چاغلىرىنى ئەسكە ئالدى. ئۇ ئۇن، ياغ، گۆش توغرۇلۇق قاچان باش قاتۇرۇپ باققان؟ ئۇنىڭ نەزەرىدە بۇ نەرسىلەر ھېچنېمىگە ئەرزىمەس، گويا كوچىنىڭ قۇم توپىسىدەك قەدىرسىز ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ شۇنداقلىقىغا قارىماي كىشىلەر ئۇنى ئەزىز، ئەتىۋارلىق سوۋغا سۈپىتىدە ئۇنىڭ مۇشۇ ئامبىرىغا توشۇپ ھارمايتتى، دېھقانلاردىن تارتىپ ئىشچىغىچە، كادىرلاردىن تارتىپ جۇيجاڭ، بۇجاڭغىچە گويا ئۆز ئۇۋىسىغا يەم توشۇۋاتقان چۈمۈلىلەردەك ئۆيى بىلەن مۇشۇ ئامبار ئارىلىقىدا قاتناپ ھارمايتتى، قېنى ئەمدى ئۇلار؟ بىر چاغلاردا ھەتتا كېچىسىمۇ ئۇ ئۆيىنى ھېچبىر خاتاسىز تېپىپ كېلىدىغان ئۆتكۈر كۆزلىرى ئەمدى ئۇ ھاكىملىقتىن ئۆرۈلۈشى بىلەنلا كور بولۇپ كەتكەنمۇ؟ «ئەبلەخلەر! — قادىر ھاكىم ئەلەم بىلەن چىشىنى غۇچۇرلاتتى، — قانچىلىك ياخشىلىق قىلمىدىم ئۇلارغا؟ ئەرز - ھالىنى تىڭشىدىم، تەلىپىنى ئورۇندىدىم، ئەمەل تەلەپ قىلسا ئەمەل بەردىم، ئۆسسەم دېگەنلەرنى ئۆستۈردۈم. رەنجىدىم دېگەنلەرنى ئەدەبلىدىم. ئەم-

دى مېنىڭ بېشىمغا كۈن چۈشكەندە ئاشۇلارنىڭ قايسىسى بوسوغۇمغا دەسسەپ قويىدى؟ .....»

قادىر ھاكىم ئامبار ئۆيىنى يەنە تىمىسقىلاپ، خېلىدىن كېيىن كىچىككىنە ئۇن خالتىسى بىلەن ياغ تۇڭىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. رابىيىخان يىغىدىن تېخىچە بېسىقمىغان، ئۇنداقتا بازارغا كىم باردۇ؟ ئۆزى بارسۇنمۇ؟ ئۇ چاغدا ئۇ قايسى ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ؟ كىشىلەر نېمە دەيدۇ؟ ئۇ ئىختىيارسىز ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى رەمتۇلنى ئەسكە ئالدى. ئۇ بۇرۇن ئۆزىگە ئون يىل شوپۇر بولۇپ ئىشلىگەن، ئۇ شۇ چاغدىلا قولىقىنىڭ يۇمشاقلىقى، مۇلايىم، ساداقەتمەنلىكى، ئايىغىنىڭ چاققانلىقى، ئۆزىنىڭ ئىشچانلىقى بىلەن ھاكىمغا ياراپ قالغان. ئۇ گويا بۇ ئۆينىڭ يوندىسىغا ئۆگىنىپ قالغان لالما ئىتتەك، كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ تاپىنىدىن نېرى كەتمەيتتى، ئۇ ھاكىمنىڭلا ئەمەس، رابىيىخاننىڭ خىزمىتىنىمۇ بېشى ئاقارغان مۇنەججىم ئاياللاردىن ئاشۇرۇپ ئورۇندايتتى. ئوسمىسى ئۈچۈن باغقا، چاچ يىلمى ئۈچۈن جىگدىلىككە يۈگۈرەيتتى. ئوغلى بەختىيار ئۈچۈنمۇ شۇنچە ئىچكۆيەر ئىدى، كېچىچىگىچە بۆشۈكىنى تەۋرىتىپ چىقاتتى، سۆيدۈك لاتىسىنى يۇياتتى. شۇڭا ھاكىم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى، ئۇنى ئەپچىل بىر بەيتكە توغرىلاپ ۋىلايەتكە بىر يىللىق تەرجىمانلىق كۇرسىغا ئەۋەتتى. رەمتۇل كۇرستىن قايتىپ كەلگەندە ھاكىم ئۇنى ئىككى يىل ئۆزىگە تەرجىمان، ئاندىن ئىشخانىغا مۇدىر قىلىپ بېكىتكەنىدى. ھاكىمنىڭ بىر ھىممەت - ساخاۋىتى رەمتۇلغا خۇددى قاغجىراق يەرگە سۇ ياققاندەك ياراشتى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھەمىشە كاۋا پىلىكىدەك يېپىلىپ تۇرىدىغان سالپاڭ قولىقى ئۆزگەرمىگىنى بىلەن ئاپتاپتا قالغان خام تېرىدەك قورۇلۇپ، كۆرۈمسىزلىشىپ كەتكەن چىرايى يۇۋاپ قويغان رېزىنكا شاردەك كۆپۈپ چىقتى. ناسۋالچىنىڭ قاپقىدەك قىزىرىپ پارقىرىدى. ئۇنىڭ جىسمى، يۈرۈش - تۇرۇشى، گەپ - سۆزلىرى ئۆزگەردى. ئەمما ھاكىمغا بولغان ئىتائەتمەنلىكى، ساداقىتى ئۆزگەرمىدى. دېمەك، ئەمدى ھاكىمنىڭ ساداقەتمەن ئادەملىرى ئىچىدە رەمتۇلدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھېچكىم يوق.

قادىر ھاكىم ئىشىك يېنىدىكى تومپۇچكا ئۈستىدە ئىككى ئايدىن بېرى زۇۋانى تۇتۇلۇپ، توپا بېسىپ ياتقان تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قولىغا ئالدى.

—رەمتۇلمۇسەن؟

تېلېفوندىن قاپاقتا سولانغان ھەرىنىڭ غوڭۇلدىشىدەك يېقىمسىز، ئەمما تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى:

—ھە، مەن رەمتۇل جۇردىن، كىم سىز؟

رەمتۇلنىڭ «سىز» لەپ سۆزلىشى ھاكىمغا ياقمىدى.

—كىمدەك تۇرىمەن؟ ئەمدى ئاۋازىمدىن تونىماي قالدىڭمۇ سالپى!— دېدى ئۇ جۇدۇنى ئۆرلەپ. لېكىن ئەمدى ئۇ رەمتۇلنىڭ بۇرۇنقىدەك خۇشامەت بىلەن خىرىلداپ كۈلگەن ئاۋازىنى ئەمەس، قورسىقى يېرىلغان قاپاقتەك قوپال ھەيۋىسىنى ئاڭلىدى:

—ئادەمنى ئۇنداق سەتلىمىسىلە دەيمەن.

—كىم ئىدىڭسەن، سالپى بولماي كىممەن؟ ئەمدى لەقىمىڭنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ ئىككى ئاي بولدى. بوسۇغۇمغا دەسسەپ قويمايسىنا سەن؟

—نەدىكى ۋاقىت؟ نۇر ھاكىم بىلەن سۇ ئامبىرىدا بولدۇم، يېزىلارنى ئايلاندىم، يەنە تاغقا بېرىپ...

—بىلىمەن!— قادىر ھاكىم گۆرەن تومۇرلىرى يېرىلىپ كەتكۈدەك چىڭقىلىپ ۋارقىرى-

دى،— يېڭى خوجايىنىڭنىڭ كەينىدىن ئىتتەك سوكۇلداپ، بەزىدە، زىياپەتتە چارىسىنى كۆتەرگەنسەن تايىنلىق! ھۆتتۈت - پۆتتۈتنى قويۇپ شوتاپىنىڭ ئۆزىدىلا ئۆيىگە ماشىنا ئەۋەت، ئۇقتۇڭمۇ؟

—ھا... ھا... ھا...— رەھىمتۇللىنىڭ ھاكىم ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغان تەلۋە كۈلكىسى ئاڭلاندى.— ماشىنا دېگەن ئادەمگە ئەمەس، مەنسەپ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ قادىر ئاكا! ماشىنىلارنى ئاللىبۇرۇن نۇرھاكىمنىڭ ئىختىيارلىقىغا ئۆتۈپ كەتكەن.

—نېمە دېدىڭ؟!— ھاكىم بار ئاۋازى بىلەن بوغۇلۇپ ۋارقىرىدى،— ئەمدى سەن سالپىنىڭ ئاكىسى بولۇپ قالدىمۇ سەن؟ ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئالدىمغا كەل!

—نېمە ئىش ئىدى قادىر ئاكا؟

—كەلگەندە بىلىسەن!

— بۈگۈن ۋاقتىم يوق، ھازىرلا يىغىنغا چىقىمەن، كېيىنچە بىرگەپ بولار قادىر ئاكا.

قادىر ھاكىمنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلدى، قوللىرى جالاقلاپ تىترىدى، يۈرىكىدىكى قەھرى - غەزىپى قايناۋاتقان قېنىغا قوشۇلۇپ مېڭىسىگە تەپتى.

—توختىغىنا! ھۇ ئىگىسىنى تونىمايدىغان لالما ئىت!— ئۇ قارشى تەرەپتىكى تېلېفون تۇرۇبكىنىڭ تاراققىدە تاشلاپ قويۇلغىنىنىمۇ سەزمىدى،— ھۇسېسىق يۈزىدا ئۇردىسى، ھۇئىت يېمەيدىغان تاپ! نېمە كىيگۈزۈپ، نېمە يېگۈزۈپ باقتىم سېنى، ئۇنتۇدىڭمۇ! سېنى مايچاپاندىن قۇتۇلدۇرۇپ، مۇشۇ ئورۇنغا ئولتۇرغۇزغان كىم؟ شۇنىمۇ ئۇنتۇدىڭمۇ - ھە؟ نېمە گەپ قىلمايسەن؟! گەپ قىل دەيمەن، زۇۋانىڭ تۇتۇلدىمۇ ئەمدى!

تېلېفوندىن يېنىپ سادا كەلمىدى، قادىر ھاكىمنىڭ تېلېفون تۇرۇبكىسى تۇتقان قولى تىترىدى، ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىدى، ئۇ ھېلىمۇ رەھىمتۇللىنى تىللاۋاتامدۇ، ياكى ئۆز بېشىغا كەلگەن ئەتۇر قىسمەتنى قاغاۋاتامدۇ؟ بۇنى بىلىش قىيىن.

ئۇ، مەس ئادەمدەك دەلدەڭشىپ ھويلىغا چىقتى، كۆزىنى قىسىپ ئاسمانغا قارىدى، كۈن غەربكە ساڭگىلىغان، ئايىغى ئىتتىك بىر كىم ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بازارغا چاپسا ئۇن - گۆش دۇكانلىرىنىڭ تاقىلىپ قالىدىغانلىقى ئېنىق. شۇنچە باياشات چوڭ بىر يۇرتنىڭ ئاتىسى بولسۇنۇ، ئىككى كۈن ئاچ قالسۇن، يەنە بىر كۈن ئاچ قالسا، ئۇنىڭ ھالى نېمە بولىدۇ؟

ئۇ شۇتاپتا كىمنى بازارغا چاپتۇرۇش توغرۇلۇق ئويلىنىپ ئىڭىكىنى سىلىدى. شۇ چاغدا ئەتىيازنىڭ كۆك بىدىسىدەك ئۆسۈپ كەتكەن يېرىك، قويۇق ساقىلى قولىغا چىقتى.

ئۇنىڭ ئىككى ئايدىن بېرى ئازابلىق خىيال ئوتىدا ئۆرتىنىپ، ساقال ئېلىشنىمۇ ئەستىن چىقارغىنى نېمىسى؟ لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئۆسكەلەڭ ساقىلى ھاكىمنىڭ 1975- يىلى «7- ماي» كادىرلار مەكتىپىدىن قايتقان چېغىدىكى قىياپىتىنى ئەسلەتكەندە، ھاكىمنىڭ بىردىنلا قانلىرى ئۇرغىدى، روھى كۆتۈرۈلدى، سەۋەبى، ھاكىم شۇ چاغدا خۇددى بۈگۈنكىدەك ئۆسۈپ كەتكەن چاچ - ساقىلى بىلەن، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئىنقىلابىي رەھبىرىي كادىرلار قاتارىدا ئەل - جامائەت ئالدىدا تېخىمۇ سۈرلۈك ۋە سۆيۈملۈك بولۇپ كۆرۈنگەنىدى، كىشىلەر تۆشمۇ - تۆشتىن كېلىپ ئالدىدىن چىققان، پاخپايغان چاچ - ساقىلىغا، جۇدەڭگۈ چىرايىغا قاراپ ئىچى سىيرىلغان، كۆز يېشى قىلىشقان...

ئەھۋال ھازىرمۇ ئوخشاشتۇ! ئۇ يەنىلا تۆھمەتكە، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى، ئۇ 1975- يىلدىكىدەك كالا ئېغىلىدا ياتمىغىنى بىلەن ئۇنىڭدىن بەتتەر ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىدى، ئەمەلدىن ناھەق ئېلىپ تاشلاندى. ئاقىل جامائەت

ئەمدى بۇ ناھەقچىلىقنى كۆرۈپ قېيىسىڭ، ئەمە-
دى ئۇ بازارغا ئۆزى بارىدۇ. بارغاندىمۇ،
ئىككى كۈن ئاچ ئولتۇرۇپ، پۇت - قولىدىن
ماغدىرى كەتكەن نىمجان بوۋاي قىيامەتتىمۇ
ئەدەس، ئەمەل - مەنسەپنى ئېلىپ تاشلىغىنى
بىلەن ئەل ئىچىدىكى ئاتاق ھۆرمىتىنى مەڭگۈ
ئۆچۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان مېھرىبان يۇرت
ئاتىسى سۈپىتىدە كىشىلەر ئارىسىدا سالاپەت
بىلەن پەيدا بولىدۇ. ئۇ بازاردا كېتىۋېتىپ
ئۆزىنىڭ يىگىرمە سەككىز يىللىق مېھرىبان
يۇرت ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇ يۇرتنىڭ
ئەمدىكى سۈيى تارتىلغان زىرائەتتەك سولغۇن
ھالىتىنى، روھى چۈشكەن، گادايلىقتىن زارلى-
نىپ كوچىلاردا تەمتىرىشىپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ
تۇپا باستان چىرايىنى كۆرىدۇ. ئۇلار گويا ئۆ-
زىنىڭ ئەڭ مېھرىبان قېرىندىشىدىن جۇدا بولغان
ھازىدارلاردەك ھاكىمنىڭ ئالدىغا يىغلاپ كېلى-
دۇ. ھاكىم ئۇلارنىڭ ئۆزىدەك قابىل رەھبىرى-
دىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىنكى ئېچىنىشلىق
تۇرمۇشىدىن زارلىنىپ تۆككەن ھەسرەتلىك نا-
لىسىنى، يېڭى ھاكىمنىڭ ئۈستىدىن ياغدۇرغان
غەزەپلىك ئەرز شىكايەتلىرىنى ئاڭلايدۇ... ئار-
قىدىنلا ئۇنىڭ ئالدىغا رەتتۇلغا ئوخشاش
ئىككى يۈزلىمىچىلەر، قارانىيەتچىلەر يۈگۈرۈپ
كېلىشىدۇ، ئۇلار ئۆز قىلمىشلىرى ئۈچۈن پۇ-
شايمان يەپ، ھاكىمنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ
ئۆز گۇناھلىرىنى تىلەيدۇ... شۇ چاغدا ھاكىم
قانداق قىلىدۇ؟ نېمە دەيدۇ؟ ئۇ ئالدىدىكى
قېنى ئۆچكەن سېرىق چىرايلارغا تەكشى قاراپ،
قايسىسىنى كېيىن قانداق ئەدەبلەش كېرەكلى-
كىنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ، ئاندىن قولىنى كەينىگە
قىلىپ، گەۋدىسىنى مەغرۇر ۋە غالىپلارچە كې-
رىپ، گويا پەيغەمبەر ساھابىلىرىغا ئاللانىڭ
ۋەھىسىنى يەتكۈزۈۋاتقاندەك تەنتەنە ۋە تەمەننا
بىلەن مۇنۇلارنى جاكالايدۇ:

—ھەببەللى، ئەمدى ئەقلىڭلارنى تېپىپسىلە-
لەر، بىلىپ قويۇڭلار، بۇ ناھىيىدىكى ھاياتلىق
چاقى مېنىڭسىز چۆگىلىمەيدۇ، ئۇنتۇماڭلاركى،
مەن بۇ يۇرتنىڭ ئاتىسى!

قادىر ھاكىمغا بۇ خىيالى مەنزىرە ياقتى،
بىردىنلا روھى كۆتۈرۈلدى، ئۇ خالتا بىلەن
ياغ تۇڭى قاچىلانغان بىرزىنت سومكىنى كۆتۈ-
رۈپ ئالدىراپ دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى.

2

يازنىڭ ئوچۇق ئاسمىنى ئاستىدىكى بازار
كوچىسى گويا تويى بولۇۋاتقان ئۆيدەك قىز-
نىڭ زىبۇ - زىننەتلىرىدەك جىلۋىدار بولۇپ كۆ-
رۈندۇ. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ھۆپپىدە
ئېچىلىپ كەتكەن رەڭمۇ - رەڭ گۈللۈكتىن كى-
شىنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان خۇشپۇراق كېلىدۇ.
كىشىلەر گويا توي ئۈچۈن راسلانغاندەك چى-
رايلىق ياسىنىۋېلىشقان، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز
ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش، تېخى ئىككى ئاي
ئىلگىرىلا ئازراقلا يامغۇر ياغسا قارا پاتقاق
لۆمشۈپ ئاقىدىغان بۇ كوچا ھازىر ئاسفالتلى-
نىپ، شەخسىي تىجارەتچىلەرنىڭ ئاۋات بازى-
رىغا ئايلىنىپ كەتكەن. قادىر ھاكىمنىڭ مەغرۇر
سالاپەت بىلەن كوچا ئېغىزىدا كۆرۈنگىنىگە نەدە
قالدى؟ ئۇ ھاياتنىڭ بۇ قىزىغان شاد - خۇ-
راملىق سېرىنى ئىچىدە قورۇندى، ئوڭايسىز-
لاندى، ھەسرەتلەندى. ھەممە ئىش، ھەممە مەن-
زىرە ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىنىڭ ئەكسىچە، ھېچكىم
ئۇنىڭ ئالدىغا داد - شىكايەت بىلەن يىغلىشىپ
كەلمىدى، بۈتۈن يۇرت خەلقى گويا ئىككى ئاي
ئىچىدىلا ئۇنى تامامەن ئېسىدىن چىقىرىشقاندەك
ھېچكىم ئىلتىپات كۆرسەتمىدى. ئەتراپتىن
ئۈنئالغۇدىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخشا، سامسىپەز،
ئاشپەز، كاۋاپچىلارنىڭ خېرىدار چاقىرىپ توۋ-
لاشلىرى، قىز - يىگىتلەرنىڭ شادىيانە كۈل-
كىلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئاۋازلار ھاكىم-

نىڭ قۇلىقىغا ياقمىدى، ئۆچلىكى كەلگەندەك ئالىيىپ قاراردى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى بىرنەچچە جۈپ تونۇش كۆزلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئەنە، يۈسۈپ سامسەپەز، راشى دۇغاپ، ئابلا ساتىراش، زىدۋىدخان باققال. . . قادىر ھاكىم ئۇلارغا باش ئىگىشتىپ، ھىجىيىپ كۈلۈپ قويدى. لېكىن ئۇلاردا باشقا ھال: بىرلىرى غەزەپ بىلەن چەكچەيدى، بىرلىرى يېنىدىكىگە قادىر ھاكىمنى كۆرسىتىپ مەسخىرە بىلەن كۈلدى، بىرلىرى ئۇنى كۆرمىگەنگە سېلىپ ئارقىسىنى قىلىۋالدى، قادىر ھاكىمنى شۇئان سوغۇق تەر باستى، خۇددى ساقچىغا ئۇچراپ قالغان يانچۇقچىدەك ئۇلاردىن كۆزلىرىنى قاچۇردى.

بىز قادىر ھاكىمنىڭ ئۇن بىلەن گۆش، ياغنى سېتىۋېلىش جەريانىنى تەپسىلىي يېزىپ ئولتۇرمايمىز. قادىر ھاكىم ئۇ نەرسىلەرنى سېتىۋالغاندىن كېيىن ئۇدۇل ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن بولاتتى، لېكىن ھەممە ئاۋارىچىلىق ئۇنىڭ بىر خالتا ئۇننى كۆتۈرەلمەي قالغانلىقىدىن كېلىپ چىقتى. ئۇ خالتىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ تېخى يۈز قەدەم ماڭمايلا دىمى كېسىلىپ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلدى، دەرمانسىزلىقتىن پۇتلىرى دىرىلداپ، يول چېتىگە گۈپ قىلىپ يىقىلدى. بۇ نېمە بولغىنى؟ ئەللىك سەككىزگە كىرگىنى بىلەن مۇنداق پاختىدەك يۇمشاپ كېتىدىغان چاغلىرى ئەمەسقۇ، بۇ؟ قېنى، ئۇنىڭ ئۆزىنى ھەمىشە قوتازدەك كۈچتۈڭگۈر ھېس قىلدۇرىدىغان سېزىملىرى؟ ياكى ئۇمۇ ئۆزىدىن كەتكەن ئامەت بىلەن تەڭلا يوقالدىمۇ؟

يېنىدىن ئارقا - ئارقىدىن ئىككى بولكىۋاي ماشىنا، كەينىدىنلا ئۆزىگە تونۇش قارا رەڭلىك «ۋولگا» قۇيۇندەك تېز ئۆتۈپ كەتتى. ھاكىم ھودۇقۇش ۋە نومۇستىن سېزىملىرىنى يوقىتىپ، شۇئان ماشىنىغا ئارقىسىنى قىلىۋالدى. تېخى ئىككى ئاي بۇرۇن ئاشۇ «ۋولگا» ئۆزى ئۈچۈن خىزمەتتە ئىدى. كېچە - كۈندۈز ئىشىكى ئالدىدا توختىتىقلىق تۇراتتى، ئىتائەتمەن شوپۇر ئۇنى كەچكى زىياپەت، ئويۇن - تاماشىغا توشۇپ ھارمايتتى. شۇ پەيتلەردە ھاكىم مۇشۇ كوچىدىن خۇددى بايىندەك نەچچە قېتىم توپا توزۇتۇپ، ئوقتەك ئۇچۇپ ئۆتكەن بولغىدى! بۈگۈن ئۇ «ۋولگا» ئەمدى باشقىلارنىڭ خىزمىتىدە. مەخمەل تاشلىق، ئولتۇرسىلا بىلىنگىچە چۆكۈپ كېتىدىغان ئۆم - ئورۇندا ئەمدى ئۆزىنىڭ رەقىبلىرى ئولتۇرىدۇ، رەقىبلىرى راھەت كۆرىدۇ. ئېھتىمال بايا ئۇلار «ۋولگا» نىڭ ئورگانىك ئەينەكلىك دېرىزە كۆزنىكىدىن بېشىنى تاتىلاپ، بىر خالتا ئۇنغا يۆلىنىپ، ھۆمۈدەپ ئولتۇرغان ھاكىمنى كۆرگەندۇ، كۆرۈپ مەسخىرە بىلەن قاقاقلاپ كۈلگەندۇ، بەس! قادىر ھاكىم بۈگۈن رەقىبلىرىنىڭ توپا - چاڭلىرى ئاستىدا قالغىنى بىلەن يەنىلا يۇرت ئاتىسى، ئۇ ئۆزىنىڭ چۈپرەندە رەقىبلىرىنىڭ مەسخىرىلىك چىرايىنى كۆرەر كۆزى، كۈلكىلىرىنى ئاڭلاشقا قۇلىقى يوق!

ھاكىم يېنىدىن ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان ئۇن ئىككى ياشلاردىكى ئوغۇل بالىغا كۆزى چۈشتى - دە، ئالدىراپ ئورنىدىن قوپتى:

— ھەي، توختاتقىنا ھارۋاڭنى ئۇكام.

شاپاق دوپپىلىق، كۆڭلىكىنىڭ ئالدى قوغۇن سۈيى بىلەن مەينەتلەشكەن، پۇتلىرى يالاڭغىداق ئوغۇل بالا ئېشىكىنىڭ ئارغامچىسىنى تارتىپ، ھارۋىنى توختاتتى ۋە تام تۈۋىدىكى بوۋاي سۈپەت، ناتونۇش كىشىگە كۆزلىرىنى سوئال نەزەردە تىكتى.

— خالتامنى ئۆستەڭ بويىغىچە ھارۋاڭغا سېلىۋالساڭچۇ ئۇكام.

بالا قىزاردى، بۇرنىنى مەقسەتسىزلا كوچىلاپ قويدى.

— تاغاردىكى قوغۇن ئېزىلىپ كېتىدۇ.

— ئېزىلمەيدۇ، كەينىگىلا قويىۋالىمەن، — قادىر ھاكىم خالتىنى كۆتۈرۈشكە تەمشەلدى.

— قويىمىسىلا، ئاتام تىللايدۇ.

— قورقما، تىللىمايدۇ، خالتىنى مېنىڭ قويۇۋالغىنىمنى بىلسە، تېخى خۇشال بولىدۇ.

— سىلى كىم بولىلا؟

— قادىر ھاكىم، قادىر ھاكىم دەپ ئاڭلىغانمۇ سەن؟

— ياق، سىلى يالغانچىكەنلا، ھاكىم سىلى ئەمەس، نۇر ھاكىم.

— قوغۇنىڭنى نەگە ئېلىپ ماڭدىڭ؟

— نۇر ھاكىمنىڭ ئۆيىگە.

قادىر ھاكىمنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، كالپۇكلىرى تىترىدى:

— ھەيدە كىسپۇرۇش ئېشىكىڭنى، كۆزۈمدىن يوقال! — دېدى ئۇ قولىنى شىلتىپ.

بالا قورققىنىدىن كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ، ئېشىكىگە تاياق سالدى.

قادىر ھاكىم بىر خالتا ئۈنىنى ئۆشىنىسىگە ئارتىپ مۆكچىيىپ كېتىۋېتىپ شۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشەندى: ئەمەل- مەنسەپسىز ئۇنىڭ ئەمدى ھېچقانداق قەدىر - قىممىتى بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ يىگىرمە تۆت يېشىدا راييون باشلىقى، يىگىرمە ئالتە يېشىدا ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىغا سېكرېتار، ئوتتۇز يېشىدا ناھىيىگە مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ سايلانغان. ئالتە يىلدىن كېيىن ھاكىملىققا ئۆسكەن. قىسقىسى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرى ئەمەل بىلەن ئۆتتى. ئەمدى چوقۇم ئەمەل ئىچىدە ئۆلۈشى كېرەك. بايا كۆردىغۇ، ئۇ مەنسەپتىن ئاتىمىش كۈن ئايرىلىپ قېلىۋېدى، ھەممىسى يۈز ئۆرۈدىنى ئۆرۈشتى، ئۇنى ئۇنتۇشتى. رابىيىخان ئەتىگەنكى گەپنى توغرا ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭ خەققە قىلىداپ ئاتمىش كۈن ئۆيدە يېتىۋالغىنى راستتۇ، ئۇ بۇنىڭدىن نېمە پايدا تاپتى، ئۇنى كىم ئىزدەپ، ھال- ئەھۋال سوراپ قويىدى؟

ئۇ، بۇ ناھىيىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن يىگىرمە سەككىز يىل جاپالىق ئىشلىگەن، تەر ئاققۇزغان. يىگىرمە سەككىز يىل ئىچىدە ئۇنىڭ ئايىغ ئىزلىرى چۈشمىگەن ناھىيىنىڭ نەرى قالدى؟ كۆكشىلمىش، پولات - تۆمۈر تاۋلاش، مەكرەپ ئىلگىرىلەش، داجەيدىن ئۆگىنىش، ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، كېيىن يەرلەرنى ئائىلىلەرگىچە كۆتۈرەگە بېرىش، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى...

قاتارلىق ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردە بۇ ناھىيىدە ئۇنىڭدىن ياخشىراق ئىشلىگەن كىم بار؟ ناھىيىنىڭ مۇشۇنداق گۈللەپ ياشنىشىدا خەلقنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باياشادلىققا ئېرىشىشى يولىدا ئۇنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىسىنىڭ سالمىقىنى ناھىيىدىكى ھېچكىمنىڭ خىزمەت تۆھپىسى بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما بۇ تۆھپە، شان - شەرەپ بۈگۈن ئۇنىڭ رەقىبىگە مەنسۇپ بولۇپ كەتمەكچى، نۇر ھاكىم — بۇ كۈچلۈك رەقىب گويا بۈركۈتنىڭ چاڭگىلىدىكى كىيىكنى ئۇۋچى كېلىپ تارتىۋالغاندەك، ئۇنىڭ يىگىرمە سەككىز يىللىق ئەلبەھېۋىسىگە چاڭ سالماقچى، تۆھپە ۋە شان - شەرەپ سەھىپىسىدىن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆچۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يازماقچى!

ئۇ ئۇزاپ كېتىۋاتقان بايىقى ئېشەك ھارۋىسىنىڭ كەينىدىن تاكى ئۇ نۇر ھاكىمنىڭ ھويلىسى تەرەپكە بۇرۇلۇپ كۆزدىن يوقىلىپ، قاراپ ماڭدى. «شۇنداق، — ھەسرەتلىك ئۇھ تارتتى ئۇ كېتىۋېتىپ، — بۇرۇن مېنىڭ ئەتراپىمغا چىۋىندەك ئولاشقانلار ئەمدى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىدۇ. ئولارنىڭ تۇشمۇ- تۇشتىن قاساپ، يولۇپ كەلگەن ئولجىلىرى قىپقىزىل قانغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ تومۇرىغا قويۇلىدۇ، ئۇ سەمرىيدۇ، ناھايىتى ئىككى يىلغا بارماي مېنىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ...»

قادىر ھاكىم قورسىقىنىڭ ئاچلىقىدىن دۈمبىسىگە چاپلىشىپ قالغىنىغا قارىماي كەچتە رابىيىخاننىڭ قىلىدەك سۆزۈپ، ئوخشىتىپ ئەتكەن لەغمىنىدىن بىر تەخسىلا يېدى. ئاندىن ئۆزىنى

ساراي ئۆيىدىكى كاردىۋاتقا تاشلىغىنىچە يەنە شۇ تەگسىز خىياللار ئىچىگە چۆمدى...

ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە ساڭگىلاپ تۇرغان بەش شاخلىق ئاسما چىراق، ئەتراپىدا گىژدىلداپ ئۇچۇپ يۈرگەن بىرتال چىۋىن. ئۇ چىراق شاخلىرى ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈرۈپ، بىردىنلا مۇئەللەق ئېسىلىپ قالغاندەك، بوشلۇقتا تېپىرلاپ ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدا نەدىندۇر بىر دانە قارا ئۆمۈچۈك ئېتىلىپ كېلىپ، دەسلەپتە چىۋىننىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ ئايلىنىشقا باشلىدى، ئاندىن چىۋىننىڭ ئۈستىگە شىددەت بىلەن تاشلاندى. قادىر ھاكىم شۇ چاغدىلا چىۋىننىڭ ئەسلىدە ئۆمۈچۈكنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس ئىنچىكە تورىدا ئىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلدى. ھاكىم جىددىيلەشتى، ئىككى رەقىب بار كۈچى بىلەن ئېلىشماقتا، چىۋىننىڭ گىژدىلدىغان ئاۋازى ئاللىقاچان ئۆچكەن. لېكىن ئۇ بار كۈچىنى ئىنچىكە ئۇزۇن پۇتىغا يىغىپ، ھەر تەرەپكە تېپىچەكلەيتتى، ئۆزىنى ئوڭ - سولغا ئۇراتتى. ئۆزىنى ھالاكەتلىك ئىسكەنجىگە ئالغان تورلارنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۆمۈچۈكنىڭ زەھەرلىك چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ كېتىشكە ھەرىكەت قىلاتتى. قادىر ھاكىم ئىختىيارسىز چىۋىنگە ئىچ ئاغرىتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىنچىكە تورلارنى چوقۇم بوسۇپ چىقىپ كېتەدىغانلىقىغا ئىشەندى. قاناتلىق چىۋىن ئالدىدا قاناتسىز ئۆمۈچۈك نېمە؟ مانا... مانا... ئاز قالدى. چىۋىن يەنە بىرلا يۇلقۇنىدىغان بولسا... ئەمما ئاخىرى ئۆمۈچۈك غالىب كەلدى. چىۋىننىڭ ئەتراپىدا قۇيۇندەك پىرقىراپ، ئۆزىنىڭ ئىنچىكە، ئەمما مۇستەھكەم تورلىرى بىلەن چىۋىننىڭ پۇتلىرىنى، قاناتلىرىنى، باش - كۆزلىرىنى چىرماپ، ئۇنى مىدىر - سىدىر قىلالماس قىلىپ قويدى.

قادىر ھاكىمنىڭ كۆڭلى ئەسكى بولدى، ئۆمۈچۈكنى شۇ تاپتا نېمىگە ئوخشىتىش مۇمكىن؟ ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ئۆمۈچۈك ئەلۋەتتە نۇرھاكىم، ئەمدى ئۇنىڭغا نۇر ھاكىم بىلەن كۈچ سىناشماقتىن باشقا نىجاتلىق يولى يوق. بۇ يوشۇرۇن ئويۇندا نۇر ھاكىم ئۇنىڭ بىلەن كۈچ سىنىشىمەن دېسە، قادىر ھاكىممۇ تەييار، ئەمما ئۇ بۇ ئېلىشىشتا ھەرگىز بايىقى چىۋىندەك چارە - تەدبىرسىز گىژدىلداپ، تېپىرلاپ تىرمايدۇ، نۇر ھاكىم قولىدىكى ھوقۇق بىلەن ئۆزىنى قۇدرەتلىك ھېس قىلسا، قادىر ھاكىم ئۆزىنى يۇقىرى - تۆۋەنگە تارتقان يىلتىزىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن غالىب ھېس قىلالايدۇ. «شۇنى بىلىپ قوي نۇر، — قادىر ھاكىمنىڭ چىڭ كىرىشكەن چىشلىرى تاش چاينىغاندەك غۇچۇرلىدى، — بۇ ھوقۇق ماڭا لازىم، ئۇنى ئۆز ئىختىيارىي بىلەن ساڭا ئىككى قوللاپ ئۆتكۈزىدىغان ئەخمەق قادىر دۇنيادا تېخى تۇغۇلمىدى يوق، ھوقۇقنى ساڭا تارتقۇزۇپ قويغىنىم بولمىدى. ئەمدى ئۇنى تارتىۋالىمەن، ئوتتۇز ئىككى چىشىڭنى ئامبۇردا بىر - بىرلەپ سوغۇرغاندەك تارتىۋالىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن يىغلا، ھەسرەت چەك، سېنىڭ نالىلىق يىغاڭ، مېنىڭ غالىبانە كۈلكەم، سېنىڭ ھەسرىتىڭ مېنىڭ ئەيشى - ئىشرىتىم!»

ئۇ ئەتىسى تاڭ سەھەردە ھېچكىمگە كۆرۈنمەي، خوتۇنىغىمۇ تىنماي ئاپتوۋۇزدا ۋىلايەتكە قاراپ يولغا چىقتى، چۈشتىن كېيىن ئۇدۇل بۇرۇن بۇ ناھىيىگە مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ، كېيىن پارتكوم سېكرېتارى بولۇپ ئىشلىگەن، بۇ يىل ئەتىيازدا ۋىلايەتلىك پارتكومغا مۇئاۋىن شۇجى قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن، كۆزلىرى چوڭ، ئاتىيۈز، ئورۇق، ئېگىز، يېشى قىرىقلاردىن سەل ئاشقان، ئۆزى رەھبەر بولغىنى بىلەن ساتىراش، باققال، تامچى، ماشىنچى، سودىگەر، مەزىن دېگەندەك كىشىلەر ئارىسىدا ئاغىنە - دوستلىرىنىڭ كۆپلىكى بىلەن داڭ چىقارغان سابىر ھاشىمنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەلدى.

يىگىرمە سەككىز يىللىق مۇئاۋىن ھاكىملىق، ھاكىملىق ئەمەلىيىتىدە ئۆز دېگىنىگە ئىشەنگۈچى قەتئىيلىك ۋە باشقىلارنى ئاسان ئەيىبلەشكە ئۆگەنگەن خاراكتېر بىلەن تاۋلىنىپ چىققان قادىر ھاكىم خېلى يىل ئۈلپەتداش بولۇپ ئىشلىگەن

بۇ ياش پارتكوم شۇجىسى ئالدىدا بۇرۇنقىدەك تەرسا، خۇشچاقچاق قىياپىتى بىلەن پەيدا بولدى. ئۇ، سابىر شۇجىنىڭ قولىنى ئىپەكتەك يۇمشاق ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ ئۇزاق قىستى، ئۆزى دىۋانغا ئولتۇرغاندىن كېيىن سابىر شۇجىنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ:

— ئىش كۆپمۇ ئۇكام؟ بۇرۇنقىدىن سەل تارتىلىپ قاپسىز، ئاڭلىدىم، تاماقنى كوچىدىن يەيدىكەنسىز، يا ئائىلىڭىزنى يۆتكەپ كەلمىدىڭىز، بۇرۇنغۇ كۈندە كۆرۈشۈپ تۇراتتۇق، ھازىر ئۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى قالمىدى، شۇڭا سىزنى ئالاھىدە يوقلاپ كېلىشىم، - دېدى.

— قەدەملىرىڭگە رەھمەت قادىر ھاكىم، جاپا تارتىپلا، — سابىر شۇجى ئۇنىڭ چوڭقۇر قورۇقلار قويۇقلىشىپ كەتكەن چىرايىغا، ئىششىپ ساڭگىلىغان قاپاقلىرىغا، ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىگە ئۆز ئادىتىدىكى مېھرىبان ۋە خۇشخۇي نەزىرى بىلەن تىكىلدى، — سالامەتلىكلىرى ھازىر قانداقراق؟ يېقىندا ناھىيىدىن كەلگەن تېلېفوندا سىلىنىڭ ئۆيدە يېتىپ داۋالىنىۋاتقانلىرىنى ئاڭلىدىم، قېشىلىرىغا بېرىپ ھال سوراپ كېلىدىغان يولۇم بار ئىدى. نەدىكىنى، ۋاقىت چىقماي قالدى ئەمەسمۇ، مانا، ئوبدانمۇ كەپلا، سالامەتلىكلىرىنى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ باقمىزمۇ؟

— ئاۋارە بولمايلى ئۇكام، سالامەتلىكىم سىزنى ئەنسىرەتكۈدەك ھالدىمۇ ئەمەس.

— مەندىن يوشۇرمىسىلا جۇمۇ؟ — سابىر شۇجى ھاكىمنىڭ گۆشلۈك يەلكىسىگە خۇش پېئىللىق بىلەن يېنىككىنە پەملەپ قويدى، — ئاڭلىدىم، ئىككى ئاي بولۇپتىغۇ خىزمەتكە چىقالمىغانلىقلىرىغا.

ھاكىم بۇرۇنقى سالماق، ھەر قانداق ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئۆزىنى ئازادە تۇتۇشنى بىلىدىغان ئادىتى بويىچە دىۋانغا يۆلەندى:

— توغرا ئاڭلاپسىز، 62 كۈن بولدى، سىزگە ئوچۇقىنى ئېيتسام ئۇكام، خىزمەتكە چىقمىدىم دېگەندىن كۆرە، ئۆيدە بىكار ياتتىم دېگىنىم تۈزۈك. نېمىشقا دەمسىزا؟ ياش چېغىمدا ئىشلىتىپ - ئىشلىتىپ، قېرىغان چېغىمدا بىر تېپىك بىلەن چەتكە چىقىرىۋەتتىڭلار ئەمەسمۇ؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەسقۇ، — سابىر شۇجىنىڭ ئاۋازى يەنىلا مۇلايىم ئىدى. ئەمدى ئۇ گەپنى سوزۇپ، يىراقتىن ئەگىتىشنى خالىمىدى، — سايلامنىڭ نەتىجىسى شۇنداق بولدى، خەلقنىڭ ئىرادىسى شۇنى بەلگىلەپ قويدى، ئەمدى ئۆزلىرىنى ئېيتساق ......

— توختاڭا، — قادىر ھاكىم دىۋان يۆلەنچۈكىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ سابىر شۇجىنىڭ كۆزلىرىگە قادالدى، — بۇ قانداق سايلام؟ خەلقنىڭ يىگىرمە سەككىز يىل ياراپ، ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئىرادىسىگە قارشى بولۇپ قالدىمۇ؟ ناھىيىنىڭ ھەم ۋىلايەتلىك پارتكومدا ياشلاشتۇرۇشقۇ ياخشى بولدى، لېكىن سىلەر ياشلار ھوقۇق ئىگىلەپلا بىزدەك پېشقەدەملەرنى خۇددى ئېتىزدىن چامغۇر يۇلغاندەك يۇلغىلى تۇردۇڭلار.

— ياق، ياق، گەپ ھەرگىز سىلىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقلىرىدا ئەمەس.

— ئەمىسە نېمىدە؟ ئېيتىڭا.

سابىر شۇجى دەماللىققا تەڭلىككە قالغاندەك بىر دەقىقە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى:

— ئۇنداق بولسا ئوچۇقلا ئېيتاي، — سابىر شۇجى قادىر ھاكىمنىڭ تەرسا ۋە قەھرلىك چىرايىغا ئۇدۇل تىكىلدى، — سىلى كېيىنكى ۋاقىتلاردا خەلقنىڭ ھاكىمىغا ئوخشىماي قالدىلا ئەمەسمۇ.

— بۇ، قىپقىزىل تۆھمەت! بۇ مەندىن ھوقۇق تارتىۋېلىش تاماسىدا ھەر تەرەپكە قاتراپ يۈرگەن بىر توپ قارا نىيەتچىلەرنىڭ زەھەرلىك پىتنىسى! — قادىر ھاكىم غەزەبتىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلاتتى، — مەن ناھىيىدىكى ئۈچ يۈز نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ بەختى ۋە پاراۋان تۇرمۇشى ئۈچۈن يىگىرمە سەككىز يىل جېنىمنى تىكىپ ئىشلىدىم، ناھىيىنىڭ ئاشلىق ۋە

چارۋا مەھسۇلاتىنى يىلمۇ يىل ئاشۇردۇم، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە قالاق، كەمبەغەل ناھىيىنى ئاپتونوم رايون بويىچە باي، ئىلغار ناھىيىگە ئايلاندۇردۇم، بۇ نەتىجەمنى كىمدە كىم يوققا چىقىرىدىكەن دېسە، خەلقى - ئالەم ئالدىدا تۈزكور بولۇپ كېتىدۇ، ئۇكام!

ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى دەسلەپتە بىر چىرايلىق باشلىنىپ، ھايال ئۆتمەي بەس - مۇنازىرىگە، ھەتتا قادىر ھاكىمنىڭ جوزا مۇشلىشىغىچە بېرىپ يەتتى، چىرايلاردىن كۈلكە ئۆچتى، بىر جۈپ كۆز بىر - بىرىگە قەھرى - غەزەپ بىلەن نەيزىدەك سانجىلىشتى.

قادىر ھاكىم ئەمدى قانچە دەرد تۆكسۇن، ياكى ھەيۋە قىلسۇن، سابىر شۇجى ئۇنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشنى، ئويلىنىشنى خالىمايدۇ. سەۋەبى قادىر ھاكىمنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان. شۇنداق، قادىر ھاكىم بىر چاغلاردا ناھىيىدە ئاجايىپ رەھبەر ئىدى، ئۇ خەلق خىزمىتى ئۈچۈن ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان تالاي شان - شەرىپىنى، راھەت - پاراغىتىدىن ۋاز كەچكەن، ئۇ خەلق دەردى ئۈچۈن يىغلىغان، خەلقنىڭ شادلىقى بىلەن كۈلگەن، ئۇنىڭ بايا دېگىنى راست، قىلچە يالغىنى يوق، ناھىيىنىڭ پايانسىز زېمىنىدە، چۆل-داللىرىدا، ئوتلاقلىرىدا، تاغ يايلاقلىرىدا ئۇنىڭ ئايىغى بېسىلمىغان نە قالغان؟

ئۇ بىر رەھبەرلا ئەمەس، ناھىيە بويىچە تەجرىبىلىك دېھقان. ناھىيە بويىچە قانچىلىك تېرىلغۇ يەر، قانچىلىك بىنام بار؟ بۇ، ئۇنىڭغا خۇددى يانچۇقىدىكى پۇلنىڭ سانىدەك ئېنىق. قايسى يەرگە قايسى زىرائەت تېرىش كېرەك، قايسى يەرنى قانداق سۇغىرىپ، قانداق ئوغۇتلىغان ياخشى؟ بۇ جەھەتتىكى بىلىمىنىڭ موللىقىدا ناھىيىدە ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ. چارۋىچىلىقتىمۇ شۇنداق. ئۇ تاغ ۋە تارىم ۋادىسىدىكى يايلاقلارغا بېرىپ قالسا، چارۋىچىلارغا چارۋىنى قانداق بېقىش، قانداق نەسىللەندۈرۈش، كېسەللىكلەرنىڭ قانداق ئالدىنى ئېلىش.. قاتارلىق چارۋىچىلىق ئىلمىي توغرىسىدا ئىككى - ئۈچ كۈن دەرس ئۆتمەي قايتمايدۇ. ئۈچيۈز سەكسەنمىڭ ئاھالە... بۇ ئەلۋەتتە ئاز ئادەم ئەمەس، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى قادىر ھاكىمغا ئاتا-ئانىسىدەك، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدەك تونۇش بولۇپ كەتكەن...

قادىر ھاكىمنىڭ شان - شەرەپلىك ئۆتمۈشىنىڭ تارىخىي ۋاراقلىرىدا، سابىر شۇجىنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئۆچمەس خاتىرىلەر يالغۇز ئۇلا ئەمەس، ئۇنى ئەبەدىي سېغىندۇرىدىغان ۋە ھاكىمدىن يادىكار قېلىپ، يۈرىكىدە ئەبەدىي ساقلىنىدىغان بىر تەۋەرۈك بار. ئۇ دولسىمۇ قادىر ھاكىمنىڭ بىر چاغلاردىكى ئالتۇندەك پاك كوممۇنىستىك پەزىلىتى. سابىر شۇجى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ ناھىيىدە تەرجىمان بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا بۇرۇن ھېچكىمدىن ئۆگىنىپ باقمىغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك بىر بىلىمنى — خەلق ئۈچۈن قانداق ئىشلەش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان ئالىيجاناب پەزىلەت ۋە ئېسىل خىسلەتنى، خەلق ئۈچۈن ئىشلەشنىڭ چەكسىز ئۇلۇغلۇقىنى قادىر ھاكىمدىن ئۆگەنگەن. يۇقىرىقىلار ئەلۋەتتە ئادەتتىكى بىر ئەجىر بىلەن كەلگەن ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن ھاكىم ئۆز ھاياتىدىن، جىسمىدىن، روھىدىن قانچىلىك زور بەدەل بەرگەن بولغىيدى؟ بۇنى يەنىلا خەق ھېسابلاپ چىققان، شۇڭا ئۇلار ھاكىمنى ئۇلۇغلاپ، «يۇرت ئاتىسى» دەپ ئاتاشقان.

ئەمما ئۇ، ھاكىمنىڭ يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدىكى ھايات قەدەملىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە، ئۆزىنىڭ ئەزىز قېرىندىشىدىن جۇدا بولغان ھازىدارلاردەك يۈرىكى ھەسرەتكە تولىدۇ، كۆڭلى بۇزۇلىدۇ. كۆزلىرىگە ياش كېلىدۇ. قادىر ھاكىمنى — ئاشۇنداق جان كۆيەر يۇرت ئاتىسىنى ئاخىرى ئۆزى بىر ئۆمۈر چوقۇنغان ئېتىقادىدىن ۋاز كەچتى دېسە، كىم ئىشىنىدۇ؟ كىممۇ شۇنداق بولارنى ئويلىغان؟ راست، قادىر ھاكىم ئاخىرى شۇنداق قىلدى، ئۆزىنى

يېتىشتۈرگەن ئەزىز تۇپراقنى، بېشىغا كۆتۈر-
گەن خەلقنى ئۇنتۇدى. ئۆزى بىر چاغلاردا ئۆز
جېنىدىنمۇ ئەزىز بىلگەن، ھەتتا باشقىلارغا
مىراس قىلىپ قالدۇرغان ئېسىل تەۋەررۈكنى
بىيۇروكراتلىق، پارىخورلۇق، نەپسانىيەتچىلىكنىڭ
ۋە روھىي چىرىكلىكنىڭ ئىپلاس قايىنىمىغا دەپنە
قىلىۋەتتى. ئاھ، بۇ نەقەدەر زور يوقىتىش؟!

دەرۋەقە، قادىر ھاكىمنىڭ بۇ بىرنەچچە يىل
ئىچىدە ئېرىشكىنىمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ خەلقنىڭ
قان - تەرىنى زۇلۇكتەك شوراپ يىغقان مال-
دۇنياسى ۋە خەلق يېقىنقى يىللاردا قويغان
«قادىر ۋاڭ» دېگەن ئىسمى. لېكىن ئۇنىڭ
يوقاتقىنى ئەڭ ئۇلۇغ نەرسە—خەلقنىڭ
چەكسىز ئىشەنچ - ھۆرمىتى.

سابىر شوجى ئالدىدا بايىتىن گاھ شىردەك
ھۆركىرەپ، گاھ توپتەك سەكرەپ، ئەمدى پەسكارىغا
چۈشكەن ھاكىمغا قاراپ ئىچى ئاغرىدى، ئۇنىڭ
بايىقى تەھدىت، ھەيۋىسى نەگىدۇر يوقالغان،
بەللىرى مۈكچەيگەن، بېشى سېلىنغان، قاپاق-
لىرى ساڭگىلىغان، كۆزلىرى ياشاڭغىرىغان.
ئۇ ئەمدى تەقدىرىگە ئېچىنىپ يىغلاۋاتامدۇ
ياكى سابىر شوجىنى ئىچىدە ئەڭ يامان تىل
بىلەن قاغاۋاتامدۇ، بۇنى بىلىش قىيىن، لېكىن
نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ بىر چاغلاردا چەكسىز
مۇقەددەس دەپ بىلگەن، كېيىن تامامەن ئەستىن
چىقارغان شۇنداق بىر ھەقىقەتنى سەمىگە
سېلىپ قويۇش كېرەك:

—خەلق، —دېدى سابىر شوجى يۈرىكىدە
مەۋج ئۇرۇۋاتقان دولقۇنلۇق ھېسسىيات بىلەن،—
بىز رەھبەرلەر خالىساق كۆتۈرۈپ، خالىساق
تاشلىۋېتىشكە بولىدىغان بايراق ئەمەس،
ئۇلار ئىلاھ، ئۇلار ھەممىگە ھۆكۈمران، ئۇلار
ئۆز رەھبەرلىرىنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشكىمۇ،
ئەرزىمەس چالمىدەك يەرگە تاشلىۋېتىشكىمۇ
قادىر. بۇ، مۇقەددەس ئالىي ھوقۇق پەقەت
شۇلارغىلا بېرىلگەن.

قادىر ھاكىم سابىر شوجىنىڭ ئىشخانىسىدىن
چىرايى تاتارغان، روھىي چۈشكەن — سولاشقان
ھالدا قايتىپ چىقتى. ئۇ مېھمانخانىدا بىر
كېچە كىرپىك قاقماي تاڭ ئولتۇرۇپ، ئەتىسى
چۈشتە ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغا ئارانلا ئۇلاشتى.

—ۋىيەي، نېمە بولدىلا؟ چىرايلىرى ......—
دېدى رابىيەخان كۆڭلىدە بىر كېلىشمەسلىكنى
تۇيۇپ، قادىر ھاكىم ئېغىر ھاسىرىغىنىچە سول
قولى بىلەن كۆكسىنى بېسىپ، ئوڭ قولى بىلەن
رابىيەخانغا تايىنىپ قالدى ۋە پىچىرلىغاندەك
كۈچسىز ئاۋازدا:

—بولالمىدىم خوتۇن، تېز بولۇڭلار، مېنى
چاققان دوختۇرخانىغا ئاپىرىڭلار، —دېدى.

3

ئۈچ كۈن بولدى، قادىر ھاكىم كېسەلخانىدا.
ئۇ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەن كۈنىلا
ھايالسىز مۇشۇ ئايرىم ياتاققا ئورۇنلاشتۇ-
رۇلغان، دادىسىنىڭ ئېغىر كېسەللىكىدىن
خەۋەر تاپقان ئوغلى بەختىيار ئۈرۈمچىدىن
بايىلا ئايروپىلاندا يېتىپ كەلدى، ئۇ دادى-
سىنىڭ قېشىغا كىرىپلا ياتاققا قاراپ ئەرۋاھى
ئۇچتى، جۇدۇنى تۇتتى، بۇ نېمە ئىش؟ بىر
ناھىيىگە يىگىرمە سەككىز يىل ھاكىم بولسۇنمۇ
ئاغرىپ قالغاندا تۈزۈككىنە ياتاقتىمۇ ياتالمى-
سۇن، بۇ قانداق ياتاق؟ ئۆيىنىڭ ئۇلى زەيلەپ،
تاملار ئولتۇرۇشقان، يېرىلغان، تورۇسىنىڭ
گۈمۈرۈلۈپ چۈشمەسلىكى ئۈچۈن بىر تال لىم
ياغاچ بىلەن ئاچاقويۇلغان.

ئۇ كارىدوردا كېتىۋاتقان يۈەنجاڭ (دوختۇر-
خانا باشلىقى)نىڭ ئالدىنى توستى:

—بۇ قانداق داۋالاش، بۇ نېمە قىلىق؟
مەن دادامنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇر-
خانىسىغا ئېلىپ كېتىمەن.

ئېگىز، ئورۇق، شالاڭ چاچلىرىنى ئارقىسىغا
باستۇرۇپ تارىۋالغان يۈەنجاڭ قېلىن كۆزەي-
نەكنى ئاستىدىن بۇ كۆرەڭ يىگىتنىڭ قەھرلىك
چىرايىغا دەسلەپتە ھەيرانلىق، كېيىن مەنسىت-
مەسلىك نەزەرىدە تىكىلدى:

—خىزمىتىمىزدىكى يېتىشسىزلىكلەر ئۈستىدە
پىكىر بەرسىڭىز قارشى ئالىمىز، ئەمما دادى-
ڭىزنى ھازىر ھېچنەگە يۆتكەشكە بولمايدۇ.

— ئەمىسە دادامنى دەرىجىسىگە لايىق ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇشۇڭلار كېرەك

— ھەممە ياتاق ئوخشاش.

— داۋالاش ئۈسكۈنەڭلارمۇ بەك ناچاركەن.

— راست دېدىڭىز.

— قانداق باشلىقسىز؟ — بەختىيار غەزەپتىن قايناشقا ئۆتتى، — بۇ ئەسكى تاملىقتا تۈزۈكرەك كېسەلخانا سېلىشنىمۇ ئويلىمىدىڭىزمۇ — ھە؟ نېمىشقا ئىلغار داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلىتىشنى يولغا قويمىدىڭىز؟

— قىزىشماڭ، — يۈەنجاڭ ئۇنىڭ قولىنى كۆتەردى، — سىز بۇ سوئالنى ئەڭ ياخشىسى دادىڭىزدىن سوراڭ.

قادىر ھاكىم ياتاقتا بۇ پاراڭنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاپ ياتتى. ئۇ دەسلەپتە ئوغلىنىڭ جىگەرلىكى، ئۆزىگە ئوخشاش تۇرغۇن مىجەزلىك بولۇپ ئۆسكىنى ئۈچۈن خۇشال بولغان، ئەمما يۈەنجاڭنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئاڭلاپ، گېلىغا سۆڭەك تۇرۇلگەندەك تولغىنىپ كەتتى. ئۇ يېنىدا ئولتۇرغان رابىيەخانغا قاراپ:

— بەختىيارنى چاقىرىڭلار، يۈەنجاڭ بىلەن گەپ تالاشمىسۇن، بولدى قىلسۇن، — دېدى.

بايا ئوغلىنىڭ قەھرىلىك ئاۋازىدىن سۆيۈنگەن ئاتا ئەمدى ئۇنى نېمىشقا ئۇ يولدىن توسۇپ قالدى؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى پەقەت ئۆزىلا بىلىدۇ. يۈەنجاڭ بايىقى جاندىن ئۆتىدىغان زەھەرلىك سوئالنى توپتوغرا ئۆزىگە قويغانلىقى ئېنىق. بۇ سوئالنىڭ سىرى ئوغلىغا قاراڭغۇ بولغىنى بىلەن، ئۆزىگە كۈندۈزدەك ئايدىڭ. ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ بۇ دوختۇرخانىنىڭ بىناسىنى قايتىدىن سېلىش، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلاش توغرىسىدىكى دوكلاتى ئۈچ يىلدىن بېرى ھاكىمنىڭ سىرتىمىسىدا قولۇپلاغلىق. ئۇ دوكلاتنى نەچچە قېتىم ئوقۇپ كۆرگەن، ئەمما تەستىقلاشقا قولى بارمىغان، كۆڭلىگە كەلگەن كىچىككىنە بىر ئىش دوكلاتقا تەستىق سېلىش ئۈچۈن قەلەم ئالغان قولىنى بېسىپ كەتكەنىدى. بۇتۈت يىل بۇرۇنقى ئىش. ھاكىم بىر كۈنى كىمدۇر بىرسىدىن دوختۇرخانىغا چەتئەلدىن ناھايىتى مۇھىم بىر دورىنىڭ كەلتۈرۈلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئادەمنى ياشارتىپ، ئۆمرىنى ئۇزارتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى-دە، شۇ ھامان رەمتۇللىنى دوختۇرخانىغا چاپتۇردى، لېكىن رەمتۇللا ھايال ئۆتمەي قاپىقى چۈشكەن، سالپايغان ھالدا قايتىپ كەلدى.

«ھە ... خۇش؟» دېدى ھاكىم تاقەتسىزلىنىپ. رەمتۇللىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى: «يۈەنجاڭ دېگەندە يۈز بولامدىغان، ئۇنى نېمە دەيدۇ دېمەمىلا، ئۇ دورىنى ھاكىمغا ئەمەس، ئېغىر كېسەللى بارلارغا بېرەرمىش.»

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۇنى سەھىيە ئىدارىسىنىڭ جۈيجاڭىدىن تارتىپ، يۈەنجاڭغىچە تالاي قېتىم ئىزدەپ كەلدى، لېكىن دوكلات دوكلات پېتىچە قېلىۋەردى. ھاكىم شۇ چاغلاردا ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن خۇشال بولغان، ئەمما بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئۆزىنىڭ مۇشۇ ۋەيرانە، ئەسكى تاملىقتا يېتىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان.

— سۇ ... سۇ بېرىڭلار... سۇ...

رابىيەخان كارىۋات يېنىدىن ئەندىرەپ قوپۇپ، چايداندىن پىيالىگە قايناق سۇ قۇيدى، ئۇنى پۈۋلەپ، قوشۇق بىلەن سورۇپ، ھاكىمنىڭ ساغۇچ گەز باغلاپ تارشىدەك قاتقان، قارايغان كالپۇكلىرى ئارىسىغا تېمىتتى. قاغجىرىغان ئېغىزى نەمدىلىپ، ئۇسسۇزلۇقى بېسىلغاندەك قىلغان بىلەن، يۈرىكىنى قانداقتۇر بىر ئېغىر نەرسىنىڭ ئامبۇردەك دەھشەتلىك قىسىشىتىكى چىدىغۇسىز ئاغرىقى بېسىلمىدى.

— ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، خوتۇن.

— ئۇنداق دېمىسىلە، بىر ئوبدان ياتامىلا مانا.

— سىلى تۇيمىدىڭلار ... تورۇس كېچە نەچچە قېتىم چاراسلىدى ... تام بېسىۋېلىپ...

— خۇدايىم ساقلا.

— ئەجەپ بىر كۈنگە قالدۇق خوتۇن : خۇددى بىر ئەسكى چۈش كۆرگەندەكلا...

— ياق، بۇ چۈشلىرى ئەمەس، ئوڭلىرى.

قادىر ھاكىم جىمىپ قالدى، ئاز ئۆتمەي ئىشىك تاراقشىغاندەك قىلدى. سىرتتىن باشلى-

رىنى سوزۇشۇپ، بىر - بىرىگە تەكەللۇپ قىلى-
شىپ ئىككى بوۋاي كىرىپ كەلدى. ئۇلار قادىر
هاكىمنىڭ ئاپىغى تەرىپىدىكى ئورۇندۇققا ئول-
تۇرۇپ پاتىھە قىلغاندىن كېيىن، يېقىنراق
ئولتۇرغان بوۋاي:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۆزلىرى قانداق-
راق ياتتىلا هاكىم؟ — دەپ سورىدى.

— مۇشۇنچىلىك.

— خۇدايىم شىپالىق بىرەر هاكىم.

قادىر هاكىم ئىككى بوۋايىنى بىر قاراپلا
تونۇدى. بۇلار ئاقئۆستەڭ هەم بوستان يېزىسى-
نىڭ دېهقانلىرى، هاكىم ئىچىدە هېسابلاپ باق-
تى، بۇلار بىلەن كۆرۈشمىگىنىگە ئازراق كەم
تۆت يىل بوپتۇ. بۇ ۋاقىت ئىچىدە هاكىمنىڭ
هاياتىدا قانچىلىك زور ئۆزگىرىش بولغان. هە؟
ئەمما ئالدىدىكى مۇنۇ ئىككى بوۋاي ئانچە
ئۆزگەرمىگەندەك.

ئورۇندۇقنىڭ بېرىقى تەرىپىدىكى بېشىغا
قارا دۇخاۋا دوپپا، ئۈستىگە ئاق نىمچە ئۇزۇن
كۆڭلەك كىيگەن، تېكە ساقال، چىلگە يۈز،
نوگاي بۇرۇن، كۆككۆز، پاكار، دىقماق بوۋاي—
هاشىم كەتمەن. ئۇ هېلىمۇ بۇرۇنقىدەك خۇش
چىراي. ئۇنىڭ نېرىسىدىكى قېرى ئۇچىنىڭ
غولىدەك گەۋدىلىك، ئاپپاق ساقال، يۇڭ مەيدى-
لىك، قېلىن كالپۇك، قىسىق كۆز، بېشىغا ئاق
شاپاق دوپپا كىيىپ، چىبەرقۇت كەمزۇلى ئۈس-
تىدىن كۆك بەلباغ باغلىۋالغان بوۋاي — باها-
ۋىدىن توپاق. ئۇ بىر يىلى ئىككى ياشلىق تو-
پاقنى ئورنىدىن دەس يۆلۈپ كۆتۈرۈپ، جايىدا
بىر پىرقىرىغانلىقى ئۈچۈن گۆشىدىن بىر ئو-
غاق، بىر كەتمەن بىلەن مۇكاپاتلانغان هەم
«توپاق» لەقىمىمۇ شۇنىڭدىن سىڭگەن.

— رابىيخان مېهمانلارغا چاي قۇيۇڭلار،—
دېدى ئىككىسىنى كۆرۈپ روهى كۆتۈرۈلگەن
هاكىم سەل تېتىكلىشىپ.

— يوقسۇ، يوقسۇ، ئاۋارە بولمىسىلا رابىي-
خان، — هاشىم بوۋاي قولىنى كۆتۈردى، —
بۇ دېگەن دۇختۇرخانا، سىلىنى ساقسىز بولۇپ
دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ، دېگەننى ئاڭلاپ،
يۇرتتىكىلەرنىڭ قىۋاي ئىشقا بارىدى. مەن
مەسچىتتە ئەتىگەندە جامائەتكە: قايغۇرماڭلار،
كۆڭلۈڭلارنى يېرىم قىلماڭلار، يۇرت ئاتىسىنىڭ
پۇقراغا قىلغان ياخشىلىقى بەندىسىدىن يانمى-
سا خۇدادىن يانمىدۇ. بۇ خامان ۋاقتى، هەممى-
ڭلار بېرىپ نېمە قىلىسىلەر؟ مەن باراي،
سىلەرگە ۋەكىل بولۇپ ئەن يوقلاپ كېلەي، دېدىم.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ هاكىمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى.

— مەن سىلەر تىلغا ئالغۇدەك نېمە ياخشى-
لىق قىلغانىدىمەن؟ - دېدى ئۇ بوغۇلۇپ.

—بۇ نېمە دېگەنلىرى هاكىم، بىز ئاق-
ئۆستەڭلىكلەر سىلىدىن ئاز ياخشىلىق كۆردۇق-
مۇ؟ ئاقئۆستەڭنى سىلى چاپتۇرغان، دەريا كۆۋ-
رۈكىنى سىلى سالدۇرۇپ بەرگەن.

—بىراق، ئۇ كۆۋرۈكنى كېيىن كەلكۈن...

—ئۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى، هاكىم.

شۇ تاپتا هاكىمنىڭ كېسەل ئازابى نەدە
قالدى؟ ئۇنى شۇ تاپتا باشقا بىر ئاغرىق—خى-
جىللىق، ئۆكۈنۈش ئازابى كېسەل ئازابىدىن
بەتەر قىينىماقتا. هاكىمنىڭ كۆڭلىگە شۇ تاپتا
هەممە نەرسە ئايان. هاشىم بوۋاي ئۇنىڭ بۇ-
رۇنقى ئىشلىرىنىلا تىلغا ئالدى، كېيىنكى ئىش-
لىرىنى، ئوچۇقراق ئېيتقاندا، گۇناهلىرىنى تىل-
غا ئېلىشنى خالىمىدى، ئۇنى پەقەت «خۇدانىڭ
ئىرادىسى» دەپلا تۈگەتتى. بۇندىن سەككىز يىل
بۇرۇن دەريا كۆۋرۈكىنى هاكىمنىڭ باش بولۇپ
سېلىپ بەرگىنى راست، لېكىن ئۆتكەن يىلى
كۈزدىكى كەلكۈن بىر كېچىدىلا كۆۋرۈكنى كۆتۈ-
رۈپ كەتتى. لېكىن هاكىمنىڭ بۇ ۋەيرانچىلىقنى
كۆرۈشكە چولىسى تەگمىدى. ئاقئۆستەڭ دېهقان-
لىرىنىڭ تالاي ئەرز-دادلىرى قۇلىقىغا كىرمىدى...

— يېتىپ قالغىنىڭىزنى ئاڭلاپلا، هارۋامنى
قاتتىم، ئاڭغىچە بىزنىڭ غوپۇر ئاخۇن قوتان-
دىنلا ئوغلاقتىن بىرنى تۇتۇپ چىقىپتۇ. ئۇنى
هارۋىغا بېسىپ، ئۇدۇل مەشەگىلا كېلىشىم، كې-
سەللىكىڭىزنىڭ ئەلەمى- تەلىمىنى مەن ئوبدان بىلى-
مەن ئۇكام. تېرىگە ئالسام قانداق دەيسىز؟—
دېدى باهاۋىدىن توپاق هاشىم كەتمەن-
نىڭ سۆزىگە ئۇلاپ، «ئاه، باهاۋىدىن ئاتا! سې-

نىڭ مۇشۇ سۆزۈگىدىنلا ھاكىم ئوغلىقىڭىنىڭ تېرىسىگە كىرگەندەك بولدى!» قادىر ھاكىمنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلىدى، ئۆپكىسى ئۆرۈلدى، ھاكىم ئاللىقاچان ئەستىن چىقارغان ئادەملەر ھاكىمنى ئۇنتۇماپتۇ!

قادىر ھاكىم ماغدۇرسىز قوللىرىنى تەستە سوزۇپ، باھاۋدىن قارىنىڭ جىگدە شېخىدەك قوپال قوللىرىنى سىلىدى. ئاھ، نەقەدەر يۇمشاق، مېھرىبان قول؟! ئۇ بۇندىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن بۇ قاداق باسقان، يېرىلىك قولنى خۇددى بۈگۈنكىدەك ئامراقلىق بىلەن سىلىغان.

ھاكىمنىڭ «7- ماي» كادىرلار مەكتىپىدىكى چاغلىرى ئىدى. ئىسيانچىلار ئۇنى ھەر كۈنكى كۆرەش يىغىنىدا ئۇرۇپ، چەيلەپ، چالا ئۆلۈك قىلىپ ياتقىغا داق، زەي يەرگە سېلىنغان ئورۇن- كۆرپىسى ئۈستىگە ئەكىرىپ تاشلاشتى. بىرىم كېچىدە ئىشىك غىچىلداپ ئېچىلغاندەك قىلدى، قانداقتۇر دۈۋە سۈپەت قوپال بىر گەۋدە، ھاكىمنىڭ ئۈستىدە ئېگىلىشىپ، ئۇنى جايىدىن دەس كۆتۈرۈۋالدى- دە، مورىسىگە ئارتىپ، قېلىن يولغۇنلۇقلار ئارىسىغا گۇرسۇلداپ كىرىپ كەتتى. قادىر ھاكىم نەۋارقىراشقا، نە يۇلقۇنۇشقا ماجالى يوق ئىدى. ئۇ، نىمجان قوزىدەك تولغىنىپ، كۈچسىز ئاۋازدا ئىڭىرىدى. ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ئاداققى كۈچىنى يىغىپ بۇ قاباھەتلىك ئەجەل مالائىكىسى بىلەن ئېلىشماقچى بولدى. نامەلۇم گەۋدە ئۇنى گاھ جاڭگال، گاھ ئېتىز، قوتانلىقلارنى ئارىلاپ بىر سائەتچە كۆتۈرۈپ ماڭدى. بۈك جىگدىلىكنى ياقىلاپ يەنە بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن تېمى پاكار، كونا ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— خەلىچخان، ئىشىكنى ئېچىڭلا.

ئىشىك غىچىلداپ ئېچىلدى. نامەلۇم گەۋدە ھاكىمنى ئۆيگە ئەكىرىپ، توغرا تام كەينىدىكى بۇمشاق كۆرپە ئۈستىگە ياتقۇزدى.

— بۇ نە، سىز كىم؟ — دېدى ھاكىم قارا چىراغ غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان ئۆيگە، ئاندىن بېشىدا يۆكۈنۈپ ئولتۇرغان بۇ تەلەتى سۈرۈن يات ئادەمگە قاراپ.

— خاتىرجەم ياتسىلا ھاكىم، بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، مەن ھېلىقى چاغدا توپاق كۆتۈرۈپ كۆكشېنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆز قوللىرىدىن ئالغان باھاۋدىن توپاقمەن. سىلىنىڭ ئۇچرىغان جەبىر- سېتەملىرىگە چىداپ تۇرالمىدىم. شۇڭا ئەتراپنى بىر ھەپتىدىن بېرى پايلاپ يۈرۈپ، بۈگۈن كېچىدە سىلىنى ئوغرىلاپ كەلدىم.

— يامان قىپسىز، مۇشۇنىڭ بىلەن بېشىڭىزغا بالا تېپىۋالمىسىز.

— نېمە بالا؟ خۇدادىن كەلسە ئەلھەكىمۇلىللا، بەندىدىن كەلسە كارى چاغلىق، بىز ئۇنىڭغا كۆنۈپ كەتكەن. ئەمما سىلىنى ئازابلىغىنى بولمىدى، سىلى دېگەن بىزنىڭ ھاكىممىز، سىلى ئۇ دۆيۈزلەرگە لازىم بولمىسىلا، بىز دېھقانغا لازىم.

شۇنداق قىلىپ قادىر ھاكىم باھاۋدىن توپاقنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ تۆت ئايچە ياتقان، باھاۋدىن توپاق ئۆزىنىڭ شۇنچە يوقسىز، بېچارىلىقىغا قارىماي، نەدىندۇر ئىككى ئوغلاق تېپىپ كېلىپ ھاكىمنى تېرىگە ئالغان، شۇندىن كېيىن ھاكىم ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلۇپ، ئاستا- ئاستا ئېسىگە كېلىۋالغانىدى. خەلىچخان! ئەجەب مېھرىبان موماي ئىدى. ئۇ تۆت ئاي ئىچىدە ھاكىمنىڭ بېشىدىن پەرۋانىدەك ئايلىنىپ كەتمىگەن، ئۆزلىرى ئۇماچ ئىچىپ، زاغرا نان غاجىلاپ، ئوغلاق گۆشىنىڭ ھەممىسىنى ھاكىمغا يېگۈزۈپ چىققان.

— ئوغلاق تېرىسىگە ئالاي دېدىڭىزما، دوختۇر ئۇنارمۇ؟ شۇ چاغدا تېرە ماڭا ئەجەپ ياققانىدى، ئېيتماقچى، خەلىچخاننى بىللە ئالغاچ كەلمەپسىز، ئۆيدە قالدىمۇ؟

— مەرھۇم ئەتىيازدا قازا قىلدى.

— ۋاي ئىست! — ھاكىم يەنە نېمىندۇر دەپ ئىڭىرىغاندەك قىلدى. چىرايى مۇڭ- قايغۇ، ھەسرەت كۆلەڭگۈسى بىلەن قارايدى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ جىم بولۇپ قالدى، ئىككى بوۋاي خېلىغىچە ساقلاپ ئولتۇرۇپ، ھاكىمدىن سادا

بولمىغاندىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

— ھاكىم سەل ئۇخلىۋالسۇن، بىز تالادا ئولتۇرايلى.

ھاكىم ئويغاندى، ئىككى بوۋاي ھاكىمنىڭ قېنى ئۆچكەن، نۇرسىز چىرايىغا ئەنسىز باقىنىچە ئاستا چىقىپ كەتتى.

ياق، ھاكىم ئۇخلىمىدى. ئۇ بۇرۇن ھېچقاچان ھېس قىلمىغان قاتتىق ئازابتا: «ياخشى قىلماپتىمەن، ھەي ئىست... نېمىشقا ئاقئۆستەڭ دېھقانلىرىنىڭ بۇزۇلغان كۆۋرۈك توغرىسىدىكى ئەرز-دادىغا قۇلاق سالمىدىم؟ نېمىشقا خەلچەخاننى—ئاشۇ مېھرىبان مومايىنى كېيىن بىرەر قېتىم يوقلاپ قويمىدىم؟ مەن بىر ساقىياي، ساقىيىپلا قالسام ئالدى بىلەن كۆۋرۈكنىڭ ئىشى توغرۇلۇق پارتكوم شۇجىسىنى ئىزدەيمەن، ئاندىن خەلچەخاننىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ بارىمەن...»

كەچكە يېقىن ھېچكىم كۈتمىگەن تېخىمۇ كۆڭۈلسىز بىر ئىش يۈز بەردى. ھۆرىخان چاقچى قايسى بىر زامانلاردىن قالغان كونا ئەگرى ھاسىسىغا تايىنىپ مۆكچىيىپ، مۇدۇرۇپ ياتاققا كىرىپ كەلگەندە، ئۆز دەردى بىلەن ئارانلا ياتقان ھاكىم ئەسەبىي ھودۇقۇشتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— كەلسىلە ھۆرىخان ئاچا، ئورۇندۇققا ئولتۇرسىلا،— دېدى رابىيەخان ئۆڭسىلى ئۆچكەن ھالدا مومايغا ئورۇندۇقنى ئىما قىلىپ. ھۆرىخان ئېھتىمال ئۇنى ئاڭلىمىدى بولغاي، ھاكىمنىڭ بېشىغا يېقىن كېلىپ، ھاسىرىغان، خىرىلدىغان زەئىپ بىر ئاۋازدا:

— سىلىنى بىتاپ بولۇپ قاپتۇ دەپ ئاڭلىدىم. قانداقراق ياتىلا ھاكىم بالام؟— دېدى.

— خۇداغا شۈكرى... مۇشۇنچىلىك ئانا.

ئىككى رەقىبنى بۈگۈن «ئانا-بالا» قىلغۇزغان تەقدىرنىڭ قۇدرىتىگە ئاپىرىن! ئىككىسىنىڭ ئۈچ يىلدىن بېرى يەر دەۋاسى قىلىشىپ، قان چېچىشقىدەك يەرگە بېرىپ يەتكىنىنى ناھىيىدە بىلمەيدىغان كىم قالدى؟ بىرى ھاكىم، بىرسى پۇقرا. قادىر ھاكىم بىلەن داۋالىشىپ قايسى پۇقرا ئۇتۇپ چىققان؟ لېكىن موماي يېڭىلىپ جىم بولمىدى، ھاكىم يېڭىپ خاتىرجەملىك ھېس قىلمىدى. ئۇ، مومايىنىڭ ۋىلايەتكە ھەتتا ئاپتونوم رايونغىچە ئەرز قىلىپ يۈرگەنلىرىنى، ئەل-يۇرت ئىچىدىكى تىل-قارغىشلىرىنى ئاڭلىغاندا، ھاكىم ئۇنىڭغا تالاي قېتىم ئۆلۈم تىلىگەنىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ھايات قېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەزرائىلىنىڭ يەلپۈگۈچى ئاستىدا قالغىنى نېمىسى؟ باشقا چاغ بولسا قادىر ھاكىمنىڭ بۇ جادۇگەر مومايىنى كۆرەر كۆزى يوق ئىدى، ئالدىدىن ھەيدەپ چىقىراتتى، ئەمما بۈگۈن ئۇنىڭدىكى بۇ قۇدرەت، جۈرئەت تۈگىگەن.

— قۇرۇق كىرگىلى كۆڭلۈم قويمىدى،— موماي قولىدىكى كونا تۈگۈچنى ئېچىپ، بىر بولاق قەنتنى ھاكىمنىڭ بېشى تەرىپىدىكى تومپۇچكا ئۈستىگە قويدى،— لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ ئەمدى...— ھۆرىخان ئورنىدىن تۇردى.

— رەھمەت ئانا، ئولتۇرسىلا، سىلىگە دەيدىغان گېپىممۇ بار ئىدى.

— خوش بالام.

— ھېلىقى ئۆي مەسىلىسى...

— ئەمدى ئۇ گەپنى قويسىلا بالام، سوت ئالىقاچان ھۆكۈم چىقارغانغۇ؟

— ياق، سوتنىڭ ئۇ ئىشتىكى ھۆكۈمى ئادىل بولمىغان، ئۇلار مېنىڭ يۈزۈمنى قىلغان، سىلىنىڭ كونا ئۆيلىرىنى مەجبۇرىي چاقتۇرۇۋېتىپ، ئورنىغا ئۆزۈم شەخسىي ئۆي سالدۇرۇۋالغىنىم راست. ئەمدى مەن ئۇنىڭ ھەققىنى تولۇقى بىلەن ئۆزلىرىگە قايتۇرىمەن.

ھۆرىخاننىڭ چاناقلىرىغا ئولتۇرۇشقان، نۇرسىز كۆزلىرى ياش بىلەن پارقىرىدى:

— نېمە بىلەن بالام؟

— پۇل تۆلەي.

— لازىمى يوق، ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلاپ، بۈگۈن-ئەتىلىكىم قالغاندا پۇلنى نېمە قىلاي؟

— شۇنداق بولسىمۇ مەندىكى ھەققىلىرى ئەمەسمۇ؟

—ھەق دېدىلىما بالام؟ مەن ئۇنى ئالمىبۇرۇن ئالىلانىڭ ئۆزىگە قويغان.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيلا؟

—تارتىۋالغان ئۆي-زېمىنىمنىڭ ھەققىگە پۇل تۆلىسىلىمۇ بولار، يىغلىغان يىغام، قىلغان ئاھ-زارىم، ئاقتۇزغان ياشلىرىمنىڭ ھەققىگىچۇ، ئۇنىڭغا پۇل تۆلىگىلى بولارمۇ؟ يېشىم سەكسەندىن ئاشتى، بېشىمدىن نۇرغۇن ئىش ئۆتتى. نەچچە بىر زامانىنى، بەگ، سۇلتانىنى كۆرگەنمەن، قارىسام، ئىنسانغا سۇلتانلىقمۇ، پۇل-بايلىقمۇ باقىۋەندە بولمايدىكەن، باقىۋەندە بولىدىغىنى ئىنسانغا ياخشىلىقكەن، ئىنسان ئۆلىدىكەن، ياخشىلىق ئۆلمەيدىكەن...

ھاكىم كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى، رابىيەخانىنىڭ بېشى چۈشتى، بەختىيارنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى.

ھۆرىخان ھاكىمغا خەيرلىك تىلەپ، خۇشلىشىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ھاسىسىنىڭ توكۇلدىغان ئاۋازى خېلىغىچە كارىدوردا ئاڭلىنىپ تۇردى.

ھاكىم خىيالغا چۆمدى: ھۆرىخانىنىڭ بايا دېگەنلىرى ئاددىيلا بىر گەپ، لېكىن ئۇ نېمىشقا ھاكىمنىڭ ئېسىگە بۇرۇنراق كەلمىدى؟ موماينىڭ دېگەنلىرى بەرھەق! ئۇ بۇرۇن ئۆزىنى مۇشۇ ھاكىملىق سەلتەنىتىدە مەڭگۈ ھۆكۈم سۈرىدىمەن دەپ ئويلىغان، لېكىن ئۇ بىر كۈنلەردە مۇشۇ كۈنگە قالارىنى ئويلىمىغان.

ئۇ ھۆرىخانىنىڭ ھەسرەتلىك يىغىسىنى، دەرد-ھەسرىتىنى تالاي قېتىم ئاڭلىغان، كۆز ياشلىرىنى كۆرگەن. موماي ئەمدى ئۇنىڭ ھەققىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھاكىم ئۇنى نېمە بىلەن تۆلەيدۇ؟

قادىر ھاكىم ئويلىغانسېرى يۈرىكىنىڭ ئاغرىقى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ «ھۆرىخاننى چاقىرىڭلار» دېمەكچى بولۇۋېدى، لېكىن نېمىشقىدۇر تىلى مىدىرلىمىدى. تاماقلىرى قۇرۇپ، ئىچىدە لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈشكە باشلىدى. شۇ تاپتا بىر يۇتۇم سۇ بولارمىدى؟ «سۇ...سۇ...» بىراق ئۇ ئەمدى ئۆزىدىن تۆت قەدەم نېرىدا نېمىشقىدۇر كۈسۈرلىشىپ ئولتۇرغان ئوغلى بىلەن خوتۇنىنى چاقىرىشقا ئامالسىز... بىردىنلا ئالدىدا ھۆرىخان پەيدا بولدى. ئۇ ھاسىسىنى دۈۋەيلەپ، قەھرى بىلەن ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەلدى...

«ھۆرىخان... ھۆرىخان... سىزنىڭ ھەققىڭىزنى...»

ئەمما ھاكىمغا بۇ ھەقنى تۆلەش نېسىپ بولمىدى. ئۇ ئىككى كۈن سەكراتتا يېتىپ، ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە، ئۇ مەڭگۈ تۆلەپ بولالمايدىغان بۇ قەرزنى تۆلەش مەجبۇرىيىتىدىن خالاس بولدى.

كىمدۇر بىرسى ئۆيدە چوڭقۇر ھازا-مۇسىبەتكە چۆمۈپ، ئاھ-زار قىلىشىپ ئولتۇرغان رابىيەخان بىلەن بەختىيارنىڭ قېشىغا كىرىپ، ھاكىمنىڭ يەرلىكىنىڭ ھۆرىخان ئىسىملىك ئايال ياتقان قەبرىگە يانداش كولانغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

— ئاھ، خۇدايىم، بۇ قانداق قىسمەت؟ قوپ بالام بەختىيار، تويا بېشىغا چاپ، داداڭنىڭ يەرلىكىنى باشقا يەردىن كولىسۇن، ئىككىسى يېقىن ياتسا، داداڭنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ. رەھمەتلىك، ھۆرىخانىنىڭ ھەققىنى بۇ ئالەمدە تۆلىيەلمىگەن، ئۇ ئالەمدە قانداق تۆلەيدۇ؟

بەختىيار جىپ ماشىنىغا چۈشۈپ ھايال ئۆتمەي قەبرىستانلىققا يېتىپ باردى. ئۇ يېڭى قەبرە يېنىدىن گۆر كولاۋاتقان، ئۈستى-بېشىنى توپا باسقان، قاپىقى يامان گۆركارنىڭ دولىسىنى تۇتتى.

—توختاڭ، دادامنىڭ يەرلىكىنى بۇيەرگە كولىغىنىڭىز بولماپتۇ، ياخشىراق جايدىن تاللايلى:

— ئاسماندىنمۇ؟— گۆركار بەختىيارغا ئالىيىپ قارىدى،— بىلىپ قېلىڭ، پادىشاھنىڭمۇ، پۇقرانىڭمۇ ئۆلگەندىن كېيىن بارىدىغان جايى ئوخشاش مۇشۇ يەر— ئالتا نچىلىك گۆر.

1987- يىل مارت، ئۈرۈمچى




ساتتار توختى

## ئومىدا...

ماڭدىم ئېتىزغا ئاق كېچە،
ھەمراھ قىلىپ جانانىنى مەن.
ناخشامدا ئويغاتتىم گۈزەل
تاڭنىڭ قىزى چولپاننى مەن.

ئاي نۇردا ئاچتى قۇچاق،
راھەتبەخش گۈلشەن ئېتىز.
قايناق ئورۇمغا چىللىدى،
ئالتۇن باشاقلىق كەڭ دېڭىز.

ئوغاق بىلەن بىز سول يېرىپ،
چۈشكەندە بەس - بەسكە راسا،
ناخشامغا بۇلبۇل ئۈن قېتىپ،
لەۋلەرنى سۆيدى شوخ سابا.

دۆۋىلەندى ئەنجە تاغ بولۇپ،
كۆلگەندە كۆكتە زەر قوياش.
يايراپ كۆڭۈل تاڭ پەيزىدە،
ياندۇق ئېتىزدىن ئىككى ياش.

نۇرلانسا شۇنداق ئاق كېچە،
جۇپ - جۇپ چېۋەر ئىشچان ئۈچۈن.
قالمايدۇ ئارمان تائەبەد،
بىزدەك تۈمەن دېھقان ئۈچۈن.

## نورۇز قوشىقى


باھار شامىلى ئۇچۇپ،
جۇتلارنى سۇرۇپ كەلدى.
رەڭمۇ - رەڭ چېچەك پۈركۈپ،
نورۇز خۇش كۈلۈپ كەلدى.

ئويغاندى زېمىن ياشناپ،
قۇشلار شاد ناۋا باشلاپ،
دەريالار، ئېقىنلارغا،
زۇمرەت سۇ تولۇپ كەلدى.

تۇتۇنۇپ نورۇز ئاشقا،
تاپقاننى تۆكۈپ داشقا،

ئۆي - ئۆيدىن تۈمەن ئادەم،
سەيلىگە كۆچۈپ كەلدى.

سالدى ئەل ساماسىنى،
ياڭراتتى ناۋاسىنى،
تەڭرىتاغ ئېتەكىدە،
شاد بەزمە قۇرۇپ كەلدى.



## چىچەم ئاقلىقى كۆڭلۈم ئاقلىقى

ۋاقىتسىز قىرولار چۈشمەكتە،
چېمەنلىك چوقىدەك بېشىمغا.
ۋە لېكىن ھېچ ئەپسۇس قىلمايمەن،
مەنىلىك ياشىغان يېشىمغا.

بولدۇم ئەل غېمىغا پەرۋانە،
بولدى ئەل خۇشلۇقى شادلىقىم.
كۈيلىدىم ھۆرلۈكنى شېئىرىمدا،
ئىجادتا ئۆتتى چىن ياشلىقىم.

چېچىمنىڭ ئاقلىقى گۇۋاھ ئۇ،
كىرسىز ئاق پاك قەلبىم، كۆڭلۈمگە.
ئاقارغاچ ئىجادتا چاچلىرىم،
ئېپتىخار ئەيلەيمەن ئۆمرۈمگە.

## تەڭرىتاغ مۇزلىرى

بۈيۈك كۈمۈش مۇناردەك،
تۇرىسىلەر قەد كېرىپ.
تىرەپ بۈيۈك ئاسمانىنى،
زۇمرەت كۆكنى چۆرت يېرىپ.

ھەر باھاردا زەمزەمنى،
بېرىسىلەر ئۆلكەمگە.
قاپلاپ چەكسىز زېمىننى،
گۈل چىمەنگە، كۆكلەمگە.

چەكسىز ساڭا ھۆرمىتىم،
ئەي تەڭرىتاغ مۇزلىرى.
سىلەر بىلەن بەرھايات،
يۇرتىمنىڭ دالا - تۈزلىرى.

## سالام

قوينى جەننەت باغ ئېرەم،
يېزام بوستانىغا سالام.
ئۇنى گۈلشەن باغئەتكەن،
ئۇلۇغ دېھقانىغا سالام.

پاختىزارلىقتا ئۈزگەن،
ئۇندا ئاق ئالتۇن سۈزگەن،
گۈل يېزىمنىڭ شىرىنى،
قىز ھەم چوكانىغا سالام.

ماكان ئەيلەپ يايلاقنى،
مول ئېپ قوزا، تايلاقنى،
ئەلگە گۆش ھەم سۈت، قايماق
بەرگەن چوپانىغا سالام.

يەرگە رىسقى چېچىلغان،
بەختى گۈلدەك ئېچىلغان،
ئازاد يېزام خوجىسى،
مىڭلاپ ئىشچانىغا سالام.

## تارىم ئوغلىمەن

تۆرەلدىم مەن تارىمبويىدا،
ئەجدادى يەر ئوغلى دېھقاندىن.
كۈچ، ئەقىل تولدى بۇ بەستىمگە،
مېھنەتتە ئاتقان ھەر ھۆر تاڭدىن.

قالدى قۇم بارخىنى، بوزلاردا،
خىسلەتلىك كەتمىنىم ئىزلىرى.
سۇ ئىچتى ماڭلىيىم تەرىدىن،
يۇرتۇمنىڭ كەڭ دالا - تۈزلىرى.

سەيلى ئەت ئەي دوستلار، ئەجرىمدىن
ياشنىغان بوستاننى، جەننەتنى.
خامىنىم ئالتۇن تاغ، باغلىرىم
تۇتىدۇ سىلەرگە شەربەتنى.




## ئەردىكە — بايراملىرى

### نورۇز بايرىمى

قازاق خەلقى ۋاقىت ھېسابلاشتا بۇرۇنقى زاماندىن كېلىۋاتقان 12 يىللىق مۆچەللىك كالېندارنى قوللانغان. قازاقلار مۆچەل يىلىنىڭ كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ باھاردىكى تەڭلەشكەن كۈنىنى (21 - مارتنى) «نورۇز» دەپ ئاتايدۇ. «نورۇز» يېڭى يىل دېگەن سۆز بولۇپ، مۆچەل يىلى نورۇزدىن باشلاپ ئالمىشىپ، كونا يىل چىقىپ، يېڭى يىل كىردى دەپ قارايدۇ. «نورۇز» كۈنى ھەردىكە ئۆتكۈزۈلۈپ ھەر بىر ئائىلىدە نورۇزلۇق كۆجە تەييارلىنىدۇ. قازاقلار توپ - توپ بولۇشۇپ ئاۋۇلمۇ- ئاۋۇل ئارىلاپ، ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ، نورۇز كۆجىسى ئىچىدۇ. «نورۇز بېيىتى»نى ئېيتىدۇ. بىر-بىرىنى قۇچاقلاپ، يېڭى يىلنى مۇبارەكلەيدۇ. مۇشۇ يىلدا ماللار كۆپىيىپ، زىرائەتنىڭ ئوخشاپ، مولچىلىق بولۇشىنى تىلەيدۇ. نورۇز ھەردىكىسىگە ئېسىمۇ قاتارىدا گۆش ساقلىنىدۇ. بۇ گۆش«نورۇز» كۈنى قازانغا سېلىنىپ، مويسىپىت كىشىلەرنىڭ ئالدىغا تارتىلىدۇ. مويسىپىتلەر: «ماللارغا بەرىكە بەرسۇن، سۈتكە مولچىلىق ئاتا قىلسۇن» دەپ دۇئا قىلىدۇ. نورۇز بايرىمى قازاقلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن بۇرۇنقى مىللىي بايرىمى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ بايرامدا ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق تائەت - ئىبادەت قىلىنمايدۇ.

### روزى ھېيت

روزى ھېيت ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە، ھەر يىلى ئوتتۇز كۈنلۈك روزى تۇتۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۈچ كۈنلۈك ھېيت بايرىمىدۇر. ئىسلام دىنىي ئاساسىدىكى بۇ بايرام كېيىنچە مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە، ئاممىۋى بايرامغا ئايلانغان. قازاق خەلقى بۇ ھېيتنى ھەر يىلى ئۆتكۈزۈپ، ئاتلىق توپ - توپ بولۇپ ھېيتلايدۇ ۋە ئەنئەنىۋى سەنئەت پائالىيەتلىرىنى ئويۇشتۇرۇپ، كۆڭۈل ئاچىدۇ.

### قۇربان ھېيت

روزى ھېيت ئۆتۈپ، يەتمىش كۈندىن كېيىن «قۇربان ھېيت» ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەسلىدە قۇربان ھېيت ھىجرىيە يىلھېسابىنىڭ يېڭى يىلىدۇر. قۇربان ھېيتتا قوي سويۇلۇپ، قۇربانلىق قىلىنىدۇ. ھەر بىر ئائىلە قۇربان ھېيتقا ئاتاپ داستىخان راسلايدۇ. جىمى خەق ھېيتلاپ «ھېيتىڭلار مۇبا-




* بېشى ئۆتكەن سانلاردا

رەك بولسۇن» دەپ قۇربانلىق گۆشكە ئېغىز تەگمىدۇ. ئوغلاق تارتىشقا ئوخشاش مىللىي ئويۇنلارنى ئۆتكۈزىدۇ. خۇددى روزى ھېيتقا ئوخشاش قۇربان ھېيتمۇ ئەرەبلەردىن كەلگەن بولسىمۇ كېيىنچە قازاقلارنىڭ مىللىي بايرىمىغا ئايلىنىپ، قائىدە - يوسۇنىغا سىڭىشىپ كەتكەن. قازاقلار ئىبادەت قىلىپ چوقۇنمىدىغان بۇ كۈننى «ئوغلاق تارتىش»، «قىز قوۋار» (قىز قوغلاش) قاتارلىق پائالىيەتلەردىنى ئۆتكۈزىدىغان كۆڭۈل ئېچىش مەرىكىسىگە ئايلاندۇرغان.

## دىنىي ئېتىقاد ۋە قائىدە - يوسۇنلىرى

قازاق خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، لېكىن كۆچمەن ئەل ئىچىدە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ئاستىراق بولدى، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان شەھەر ۋە يېزىلارغا ئوخشاش چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كېتەلمىدى. قازاق خەلقى دائىم كۆچۈپ - قونۇپ يۈرگەنلىكتىن ئۇلاردا مەسچىت - مەدرىسىلەر يوق دېيەرلىكتۇر. قازاق خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش بىلەن بىللە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى نۇرغۇنلىغان قائىدە - يوسۇنلارنىمۇ ساقلاپ كەلدى. بۇ قائىدە - يوسۇنلار ئۆرپ - ئادەت، مۇراسىم ۋە ئەقىدىلەر سۈپىتىدە ئىسلام دىنىغا سىڭىشتى.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قەدىمكى زاماندا قازاق قەبىلىلىرى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئەرۋاھىغا، ئاسمان بىلەن يەرگە، كۈنگە، ئاي بىلەن يۇلتۇزلارغا چوقۇنغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شامان، بۇددا، نېستورىئان دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان. ئەڭ ئاخىرىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان.

قازاقلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ، ھەتتا XVI — XV ئەسىرلەرگىچە كىگىزدىن، يىپەك رەختتىن ئادەم قىياپىتىگە كەلتۈرۈپ ياسىغان بۇتلارغا خۇپىيانە چوقۇنۇپ كەلگەن. بۇنى «بۇت تەڭرى» دەپ ئاتىغان. ئىسلام دىنىنىڭ «ئاللاھ»سى بىلەن بۇرۇندىن كېلىۋاتقان «تەڭرى» سۆزى بىللە ئېغىزغا ئېلىنغان. ئۇلار ئۇرۇقداش ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئەرۋاھىغا چوقۇنغان. بۇ ئەرۋاھلار كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى قوللايدۇ دەپ ھېسابلىغان. سوقۇشتا، ئات بەيگىسىدە، پالۋانلار چېلىشىشىدا ھەر قەبىلە ئۆز ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ياكى ئۆز قەبىلىسىدىن چىققان باتۇرلىرىنىڭ ئىسمىنى شۇ ئارقىلىق توۋلىغان. چارۋا ماللارغا كېسەل تەگكەندە ماللارنى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ مازىرىغا ئاپىرىپ تۈنىتىپ، ئوت يېقىپ ئۇچۇقلايدىغان ئادەتلەر ساقلانغان.

قازاق مىفولوگىيىسىدە قەدىمدىن كېلىۋاتقان نۇرغۇن كۆز قاراشلار ساقلانغان. ئۇلار تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ، بارلىق ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ جېنى بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى باشقۇرىدىغان ئىگىسى بار دەپ قارىغان. بۇ ئىگىلەرنى — ئادەمگە، جان - جانىۋارلارغا ياخشىلىق قىلىپ، شەپقەت ياغدۇرىدىغان مۇقەددەس ئەۋلىيا ۋە ئاغرىق سىلاق، جۇت - ئاپەت، قەست پەيدا قىلىدىغان كاشىلا دەپ ئىككى خىلغا بۆلگەن. بۇ ئەۋلىيالار بىلەن كاشىلىلار دائىم كۈرەشتە بولىدۇ دەپ قارىغان. قازاقلار ياز پەسلىدىكى يېڭى مايسىنى ھاياتلىقنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋامى دەپ قاراپ، ئۇنى يۇلۇشنى، يېشىل ئورماننى بۇزۇشنى مەنئىي قىلىدۇ. چۆل - باياۋاندا ئۆسكەن يالغۇز دەرەخنى ھېكمەتلىك نەرسە دەپ قارايدۇ. قازاقلارنىڭ ئادىتىدە مايسىنى يۇلۇپ، ئاسمانغا قاراپ قاغاش — پاجىئەلىك، ئەڭ ئېغىر ئاداۋەتلىك قاغاش ھېسابلىنىدۇ. قازاقلارنىڭ كونا ئۇقۇمىدا تۈرلۈك چارۋا ماللارنىڭ ئۆز ئەۋلىياسى (پىرى) بار دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: قوينىڭ ئەۋلىياسى چوپان ئاتا، يىلقىنىڭ ئەۋلىياسى قەمبەر، تۆگىنىڭ ئەۋلىياسى ئويسىل قارا، كالىنىڭ ئەۋلىياسى زەڭگى بابا، ئۆچكىنىڭ ئەۋلىياسى چەك - چەك ئاتا، بۇلار مۇشۇ ماللارنىڭ دەردى - مۇرادىغا يەتكۈچى غەمگۇزار ئەۋلىيالىرىدۇر. مۇشۇ ماللارغا ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان تۈرلۈك ئاغرىق - سىلاقلار ۋە جۇدۇن - چاپقۇنلار — ماللارغا بالايى - ئاپەت تېرىيدىغان كاشىلا دەپ قارىلىدۇ.

قازاقلارنىڭ ئادەتلىرىدە، ئاسمانغا، يەرگە (يەر ئانىغا)، سۇغا (سۇ ئانىغا)، ئوتقا (ئوت ئانىغا)، كۈنگە، ئايغا ۋە باشقا ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنۇش بۇيۇملىرى ساقلانغان. تۈرلۈك

يۇتقۇملۇق كېسەل تارقالغان، يامغۇر ياغماي قۇرغاقچىلىق بولغان ۋاقىتتا، پۈتۈن يۇرت دەريا بويىغا يىغىلىپ، مال سويۇپ (قارا ئۇغلاق قۇربانلىق قىلىپ) نەزىر - چىراغ قىلىدۇ. بۇ ماللارنىڭ گۆشلىرىنى دالىدا ئولتۇرۇپ، قازانغا سېلىپ يەپ: «بالا - قازادىن خالاس قىل»، «كۆكتىن ياغدۇر، يەردىن ئۈندۈر» دەپ ئاسمان - زېمىنغا ئىلتىجا قىلىدۇ. يېڭى كۆتۈرۈلگەن ئاينى كۆرگەندە: «كونا ئايدا ياد ئەيلە، يېڭى ئايدا ئىنئام قىل» دەپ ئايغا قاراپ دۇئا قىلىدۇ. ئوتنى يورۇقلۇقنىڭ، كۈننىڭ بېشارىتى، بارلىق بالا - قازادىن ساقلايدىغان ھېكمەتلىك نەرسە، ئۆينىڭ، قازاندىكى ئاشنىڭ كاپالىتى، دەپ قارايدۇ. ئاغرىق - سىلاق بولغاندا ئوت بىلەن ئۇچۇقلايدۇ. يېڭى چۈشكەن كېلىنگە ئوتقا ماي سالدۇرۇپ سالام قىلدۇرىدۇ. مايدا لاپىلدە يانغان ئوتقا «ئوت ئانا، ماي ئانا ھەدىيە قىل» دەپ ئىبادەت قىلىدۇ. باھاردا تۇنجى قېتىم چاقماق چاققاندا سايلىق (چۆمۈش) تاراقشىتىپ «سۈت كۆپ، كۆمۈر ئاز» دەپ تىلەك تىلەيدۇ.

بۇرۇن قازاقلار ئىچىدە ئوت بىلەن ئۇچۇقلاشقا ئوخشاش قەدىمدىن تارتىپ كېلىۋاتقان ئادەتلەر ساقلانغان. قازاقلارنىڭ بۇرۇنقى چۈشەنچىسىدە، قىشتا ئۇزۇن ئولتۇرغان قىشلاق پاسكىنا بولىدۇ، ئۇنىڭدا ئادەمگە، مالغا زىيانلىق ئىللەتلەر ساقلىنىدۇ، قىشلاققا قارىغاندا يايلاق پاكىز تونالغۇ، ئۇنىڭغا چىقىشتا پاكىزلىنىپ چىقىش كېرەك دەپ ھېسابلىغان. يايلاققا چىقىدىغان يولغا ئىككى يەردە چوڭ گۈلخان يېقىپ، تۆگە بىلەن ماڭغان كۆچمەن توپنى، ئارقىدىن قوتان - قوي ۋە كالىلارنى مۇشۇ ئىككى گۈلخاننىڭ ئارىسىدىن ئۆتكۈزگەن. بۇنى ئادالاش «ئۇچۇقلاش» دەپ ئاتىغان. ئادەتتە گۈلخاننىڭ بېشىدا «ئادا قىل، بالايى - ئاپەتتىن ئادا قىل» دەپ زىكرى قىلىپ ئىككى موماي تۇرغان. قازاقلارنىڭ قارىشىدا «يىلقا پاكىز ھايۋان» ھېكمەتلىك مال ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئادا قىلىدىغان ئوت ئارىسىدىن پەقەتلا يىلقا ئۆتكۈزۈلمەيدۇ. قازاقلارنىڭ ئۆرپ-ئادەت، قائىدە - يوسۇنلىرىدا ئىسلام دىنىغا يات، قەدىمدىن تارتىپ كېلىۋاتقان ساقىندىلارنىڭ ساقلىنىشى بىلەن قازاقلارنى قوش دىنلىق خەلق دەپ ھېسابلاشقا بولمايدۇ. قازاقلاردا ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرىدىغان دىن — ئىسلام دىنى. يۇقىرىدىكى ساقىندىلار ئىسلام دىنى بىلەن گىرەلىشىپ، ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، دىنىي ئېتىقادتىن ھالقىپ، تۇرمۇشتىكى قائىدە-يوسۇنلارغا ئايلانغان.

ئازادلىققا قەدەر قازاقلار ئىچىدە جىنكەش باخشى، پالچىلار بولغان. ئۇلار غايىبنى بىلگۈچىلەر، ئاغرىق - سىلاقلارنى داۋالىغۇچىلار دەپ قارىلىپ، خەقنى ئۆزىگە ئىشەندۈرگەن. ئەسلى باخشىلار شامان دىنىنىڭ ۋەكىللىرىدۇر. ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئاھاڭدا جىن چاقىرىدىغان نالە - پەرياد قەسىدىلىرى بار ئىدى. بىراق ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن باخشىلار «ئۆزلىرىنىڭ جىنلىرىنى چاقىرىش» بىلەن بىرلىكتە ئىسلام دىنىنىڭ ئاللاھىغىمۇ ئېتىقاد قىلىدىغان بولدى. كۆپ ھەرىكەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا ماسلاشتۇردى. بېشىغا ئاققۇ تېرىسىنى كىيىپ، رەڭگا - رەڭ لاتا باغلانغان ھاسا ئېلىپ، ئات مىنىپ، سەرگەردان بولۇپ يۈرۈيدىغان بۇ دىۋانىلەر ئۆزىنىڭ «جىن - شەيتاننى قوغلاش»تىن ئىبارەت كونا شامانلىق مۇقامىغا «ئاللاھ ھەق» دېگەن ئىسلامىيەت شوئارىنى قوشۇپ ئېيتىدىغان بولدى.

ئازادلىقتىن كېيىن خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنىڭ ئۆسۈشىگە ۋە ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تەن سالامەتلىكىگە زىيانلىق، ئىشلەپچىقىرىشقا توسالغۇ بولىدىغان بەزى دىنىي قائىدىلەر بىلەن ئۆرپ - ئادەتلەر، مەسىلەن: ھەر يىلى ئوتتۇز كۈن روزى تۇتىدىغان ئىش ئۆزلۈكىدىن ئەمەلدىن قالدى. قازاقلار ئاغرىسا باخشى - داخانلارنى ئىزدىمەي، دوختۇرغا بارىدىغان بولدى. كادىرلار، زىيالىي ياشلار، ئەمگەكچىلەر ئاساسىدا خۇداسىزلىقنى تەرغىپ قىلىدىغانلارنىڭ سانى كۆپىيىشكە باشلىدى. ھازىر قازاقلاردا ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشمايدىغان قېرىلاردىن باشقا ئوتتۇز كۈن روزى تۇتۇپ، كۈنىگە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدىغان ئادەملەر ئاز ئۇچرايدۇ. لېكىن ھازىرمۇ قازاقلار ئىچىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى جەھەتتىكى تەسىرى ھېلىھەم خېلى كۈچلۈك.

## ئۆلۈم - يېتىم ۋە دەپنە قىلىش ئەنئەنىسى

قازاقلارنىڭ دەپنە قىلىش ئەنئەنىسى ئىسلام شەرىئىتى بويىچە بولىدۇ. مېيىتنىڭ ئىچكى كىيىمىنى چېچىپ، يۈزىنى قىبلىگە قارىتىپ، يۈزىگە پاكىز ئاق رەخت يېپىپ، پەردە ئىچىگە ئېلىپ، ئايرىم ئۆيگە ياتقۇزىدۇ. ئەتراپىدىكى خەققە خەۋەر قىلىدۇ. ئادەتتە مېيىت بىر كۈن ياكى ئۈچ كۈن شۇ ئۆيدە ساقلىنىدۇ. يېقىن تۇغقانلىرى چىراغ يېقىپ، يېنىدا كۆزىتىدۇ. جىنازىسىغا يىغىلغان خەق مۇشۇ ئۆيگە كىرىپ، مېيىت بىلەن ۋىدالىشىپ، ئۇنىڭ تۇغقانلىرىغا پاتىھە ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مېيىتنى يۇيۇپ، ئاخىرەتلىكىگە يۆگەپ، ئىسقات بىلەن چىقىرىدۇ. بىر نەچچە مال ئالائاغامچا بىلەن باغلىنىپ، شۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنىپ، مېيىتنى يۇغۇچى ئادەم ئاغامچىنى تۇتۇپ «بۇ ئادەمنىڭ قازا بولغان بىر يىللىق روزى ۋە نامازلىرى يەنە باشقا پەرز - قەرزلىرى ئۈچۈن» دەپ ھېلىقى ماللارنى تۆردە ئولتۇرغان موللىغا سۇنىدۇ. موللا «قوبۇل قىلىپ ئالدىم» دەپ يەنە تۇتۇپ قايتا ئۆزىگە بېرىدۇ. مەرھۇم نەچچە ياشقا كىرگەن بولسا، بۇ ئىش شۇنچە قېتىم تەكرارلىنىدۇ (كېيىن مۇشۇ مال غېرىب - مۇساپىرلارغا ۋە موللىغا سەدىقىگە بېرىلىدۇ). ئەمما بالاغەتكە يەتمىگەن ياش بالا ۋاپات بولسا، گۇناھتىن پاك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىسقات بېرىلمەيدۇ. ئاندىن كېيىن مېيىت تاۋۇت بىلەن ئۆيدىن چىقىرىلىپ، مېيىت نامىزى ئوقۇلىدۇ. مېيىت نامىزىدىن كېيىن مەرھۇمنىڭ تۇغقانلىرى جامائەتتىن: «مەرھۇم قانداق ئادەم ئىدى» دەپ سورايدۇ. كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن: «........ مەرھۇم ئالىيجاناب ئادەم ئىدى. ئىمانى كامىل بولغاي، جايى جەننەتتە بولغاي .......» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

مېيىت نامىزى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن مېيىت قەبرىستانلىققا ئاپىرىلىدۇ. قەبرىستانلىق يىراق بولسا تۆگىگە ئارتىپ، جىنازىغا گىلەم يېپىپ ئېلىپ بارىدۇ. يەرلىك يەر شارائىتىغا بېقىپ «تىك گۆر» ۋە «يان گۆر» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. مېيىتنىڭ ئاياغ تەرىپى شىمالغا، بېشى جەنۇبقا، يۈزى قىبلىگە (مەككىدىكى بەيتۇللا تۇرغان تەرەپكە) قارىتىلىپ يەرلىككە قويۇلىدۇ. مېيىت يەرلىككە قويۇلغاندىن كېيىن قەبرىستانلىققا بارغانلارنىڭ ھەممىسى يەرلىككە بىر چىمدىمدىن توپا تاشلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مېيىت كۆمۈلىدۇ. كېيىن ئۆلگۈچىگە قەبرە قاتۇرۇلىدۇ.

قازاقلارنىڭ دەپنە قىلىش ئەنئەنىسىگە شامان دىنىدىن قالغان نۇرغۇنلىغان ئادەتلەر سىڭگەن. قازاقلار بۇرۇنقى ۋاقىتتا مېيىت ياتقان ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا ئالا ئاغامچا باغلانغان يەتتە ياكى توققۇز يىلقا ياكى باشقا مال ئېلىپ كېلىپ، رەسمىيەتنى ئادا قىلغاندىن كېيىن ئۇنى مازار بېشىغا ئاپىرىپ سويغان. ۋاپات بولغان ئادەمنىڭ مىنىپ يۈرگەن ئېتىنى سويۇپ، ئاتنىڭ بېشىنى مازارغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ قەبرىسىگە يا، نەيزە، ئىگەر - توقۇم، قاچا - قۇچا، تاماق، ئۇسسۇزلۇق قويغان. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ دۇنيادىمۇ ھايات كەچۈرىدۇ، دەپ قارىغان. ئىسلام شەرىئىتىدە ئۆلۈك بىلەن ئاخىرەتلىك كېپىنىدىن باشقا نەرسە قويۇلمايدۇ. شۇڭلاشقا ئالا ئاغامچىغا باغلانغان يىلقىنى ياكى باشقا مالنى ئىسقات چىقارغان موللىغا ۋە غېرىب - ئاجىزلارغا بېرىدىغان بولغان.

مېيىت دەپنە قىلىنىپ يەتتە كۈندىن كېيىن «يەتتە نەزىرىسى»نى بېرىپ، مېيىتنى يۇغان ئادەملەرگە كىيىم - كېچەك ياكى كىيىملىك رەخت تارقىتىپ بېرىلىدۇ. قىرىق كۈن ئۆتكەندىن كېيىن «قىرىق نەزىرىسى» بېرىلىدۇ. بىر يىل تولغاندا «يىل نەزىرىسى» بېرىلىدۇ.

### ھازا

قازاقلار، بۇرۇنقى ئەنئەنە بويىچە ئۆلۈمگە ئۇزۇن ۋاقىت ماتەم تۇتىدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئايالى مېيىتنى چىقارغاندا يىغلاپ يۈزىنى تاتىلايدۇ. يىل بويى ھۆسنبەت كىيىمى كىيىپ، بېشىغا ئاق يۇركەنجە سېلىپ، ماتەم تۇتىدۇ. ئايالى بىلەن قىزلىرى ئۇنى

نى ياد ئېتىپ، يىل بويى شۇ ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەرنى قوشاقتا قوشۇپ يىغلايدۇ. مەرھۇمنىڭ ئۆي - ئىچى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى مەرھۇمغا بولغان قايغۇ - ھەسرىتىنى بىلدۈردۇ. قوشاقتا قوشۇلغان بۇنداق ياد ئېتىشنىڭ ئۆزىگە خاس مۇڭلۇق ئاھاڭى بولىدۇ. بۇ ياد ئېتىش ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە يەنى كۈن چىقىۋاتقان ۋاقىتتا ۋە كەچقۇرۇنلۇقى كۈن پېتىپ كېتىۋاتقان ۋاقىتتا، شۇنداقلا پاتىھەگە كەلگەنلەرنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندە ئېيتىلىدۇ. ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ، يىغلاپ كۆرۈشكەندىن كېيىن يەنە تەكرارلىنىدۇ. كەلگۈچىلەر تەرىپىدىن ئايەت ئوقۇلۇپ، تەسەللىي بېرىلگەندىن كېيىن ئاندىن توختايدۇ.

ئۆلۈم چىققان ئۆيگە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن قەبىلىداشلىرى توپ - توپى بىلەن كېلىپ ئۆز قايغۇسىنى بىلدۈرۈپ ھازىلىق تاماق، رەخت، مال ئېلىپ كېلىدۇ، پاتىھە ئوقۇيدۇ. پاتىھەگە كەلگەنلەر «ۋاي باغرىم» دەپ ئاتلىق چېپىپ كېلىدۇ. ھازىلىق ئۆي ئۇلارنى مال سويۇپ مېھمان قىلىدۇ.

ئەگەر دۆلەتمەن، ئابرويلۇق ئادەم ۋاپات بولسا ئۇنىڭغا بېغىشلاپ ئۆيگە تەزىيە بايرىقى ئاسىدۇ. ياش ئادەمگە قىزىل بايراق، ئوتتۇرا ياشلىق ئادەمگە بىر تەرىپى قىزىل، بىر تەرىپى ئاق بايراق ئاسىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ ھاياتلىقتا مىنگەن ئېتىنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىپ تاشلاپ، ھازىلىق بەلگىسى قىلىدۇ. كۆچكەندە مۇشۇ ئاتقا شۇ ئادەمنىڭ ئىشلەتكەن ئىگەر - توقۇمى توقۇلۇپ، ئىگەرگە كىيىمى (قارا مۇسىبەت كىيىمى) يېپىلىپ ماڭدۇرۇلىدۇ. ھازىلىق ئاتنى يېتىلىگەن ئايالى بىلەن قىزلىرى قوشنا ئاۋۇلنىڭ قېشىدىن ئۆتكەندە يىغا - زارە قىلىدۇ. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ۋاپات بولغۇچىنىڭ قەبرىسى قاتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ كۆلىمى ۋاپات بولغۇچىنىڭ ھال - ئوقتىگە قاراپ بولىدۇ. ئادەتتىكى قەبرىگە تاش دۆۋىلىنىدۇ. داڭلىق ئادەملەرنىڭ قەبرىسى پىشىق خىش ياكى تاشتىن يۇمىلاق قورغان، تۆت بۇرجەكلىك قورغان شەكلىدە تۇرغۇزۇلۇپ، ھەر بۇرجىكىگە قولاق ئورنىتىلىدۇ. كۆپ بۇلۇڭلۇق قورغانلارمۇ بولىدۇ. ئەل ئىچىدە ئىناۋەتلىك ئادەملەرگە ئاتاپ جامائەت پىشىق خىشتىن گۈمبەزمۇ سالىدۇ.

بۇ مازار قورغانلىرىنىڭ ئىچى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ۋاپات بولغان شۇ ئادەمنىڭ تۇغقانلىرى ۋە قەبىلىداشلىرى دەپنە قىلىنىدۇ. بۇ قەدىمكى زاماندىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەت بولۇپ، XV - XVII ئەسىرلەردە ۋاپات بولغان قازاق خانلىرى بىلەن سۇلتانلىرى تۈركىستان شەھرىدىكى خوجا ئەھمەد يەسەۋىنىڭ مازىرىغا دەپنە قىلىنىپ كەلگەن.

### يىل نەزىرىسىنى بېرىش

بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن مەشھۇر ئادەمگە ئاتاپ نەزىر بېرىلىدۇ. قۇيرۇقى كېسىلگەن ھېلىقى ھازىلىق ئات نەزىر بېرىش باشلانغاندا نەزىر بەرگەن ئۆينىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. نەزىرى بېرىلگەن ئادەمنىڭ ئايالى ۋە بالا - چاقىلىرى يىغلاپ داد - پەرياد ئوقۇپ ئات بىلەن جۇدالىشىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇ ئات نەزىرگە سويىلىدۇ. ماتەم بايرىقى چۈشۈرۈلىدۇ - دە، بايراق سېپى سۇندۇرۇلىدۇ. مۇشۇ ئات بىلەن قوشۇپ باشقا مالمۇ سويۇلۇپ نەزىرگە يىغىلغان جامائەت كۈتۈلىدۇ. بۇ نەزىردە «ئات بەيگىسى»، «پالۋانلار چېلىشىشى»، «ئاقىنلار ئېيتىشىشى» قاتارلىق ئويۇنلار ئۆتكۈزۈلىدۇ. نەزىر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شۇ كۈنى مەرھۇمنىڭ ئايالى مۇسىبەت كىيىمىنى سېلىپ بېشىدىكى ئاق پۈركەنجىنى ئېلىپ تاشلايدۇ. شۇ ئۆينىڭ لىمتاقىغا يېپىلغان مەرھۇمنىڭ كىيىملىرى يىغىشتۇرۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ماتەم ئاخىرلىشىدۇ. نەزىرگە سويۇلغان ئاتنىڭ بېشى، تۆت تۇيىقى ۋە تېرىسى ۋاپات بولغۇچىنىڭ مازىرىنىڭ بېشىغا ئاپىرىپ قويۇلىدۇ. مانا بۇ بۇرۇنقى، مازارغا يا، نەيزە، كىيىم - كېچەك قويۇلىدىغان ئادەتنىڭ ئىسلام دىنىغا ماسلىشىپ ئۆزگىرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھازىرقى كۈندە بۇ ئادەتلەر تەدرىجىي ھالدا يېڭىلىنىپ پەقەتلا يىل نەزىرىسىنى بېرىشكە ئۆزگەرمەكتە.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)




شۇ ماۋزۇنى سايىۋەن قىلغان —
شېئىرلارنى يازغانلىقىم راست.
ساقلىمىنى غېرىدچلاپ باقماي،
ھېسسىياتتا ئازغانلىقىم راست.

ئازغان بولسام، بۇ مېنىڭ ئەيىبىم،
ئازمىغاندۇ كاداڭ قەلىمىم.
ئەپۇ قىلىپ ئوقۇپ قويۇڭلار،
يېڭىكلىسۇن ئەپسۇس، ئەلىمىم.

## يىگىتنىڭ دەردى

يول بويىدا چىراق ئاستىدا،
مۇڭداشماقتا بىر جۈپ يىگىت - قىز.
قىزنىڭ تىلى ئۈمىد ياغدۇرار،
لېكىن يىگىت مۇڭلۇق، ئۈمىدسىز.

تاڭ ئېتىشتىن ئەنسىرەيدۇ ئاي،
توك كېتىشتىن قورقىدۇ چىراق.

چۈنكى ئۇلار يىگىت دەردىگە،
ھەمداش بولۇپ سالماقتا قۇلاق.

ئىش پۈتەمدۇ ھەمداشلىق بىلەن،
يا يەتمىسە ياردەمگە قولى.
نەدە بولسۇن مۇڭلۇق يىگىتكە،
تويلۇق ئۈچۈن بەرگىدەك پۇلى.

## گۈزەللىك

زوقۇم كەلدى گۈزەللىكىڭگە،
قاراۋېرىپ قايىلمۇ بولدۇم.
لەۋ ئويناتىپ كۈلۈشلىرىڭدىن،
ھوزۇرلىنىپ مايىلمۇ بولدۇم.

مايىللىقىم ھەۋەستىن ئەمەس،
گۈزەللىكىڭ چىللىغان تۇيغۇ.
ياخشىمىدى ئىشقىڭ مېنىڭمۇ —
كۆزلىرىڭگە بەرمىسە ئۇيقۇ؟

## چولپىنىم سەن

جانان دېسەم، دېدىڭ: جېنىڭ مەن،
ئۇرغۇپ ئاققان ئىسسىق قېنىڭ مەن.
سوئال بىلەن باقسام كۆزۈڭگە،
دېدىڭ يەنە: مەڭگۈ سېنىڭ مەن

رىيازەتتە ئالدىمدا ماڭدىڭ،
ھالاۋەتتە كەينىمدە قالدىڭ،

مەردلىك بىلەن كۆڭلۈمنى ئالدىڭ،
دېدىڭ: ئىشتا ئاق يەلكىڭ مەن.

ئىجادىمغا ئەقلىڭ ھەمنەپەس،
ئەقىدەمگە ئەجرىڭ كەم ئەمەس،
بەختىم ئۈچۈن مېھرىڭ مۇقەددەس،
چولپىنىم سەن، كۆك ئاسمىنىڭ مەن.

# ھەيران بولماڭ

موقۇلداشسا يىگىت بىلەن قىز،
ھەيران بولماڭ نېمە دەيدۇ دەپ.
كايىماڭ ھەم «بۇلارنىڭ كېپى،
نېمە ئۈچۈن تۈگىمەيدۇ» دەپ.

كۆرۈشكەندۇ ئۇلار ھەپتىدە،
سۆزلەشكەندۇ تۇرمۇش ھەققىدە،
پۈتۈشكەندۇ «مۇشۇ كېچىمىز،
بەختىمىزنى بەلگىلەيدۇ» دەپ.

باشتا گەپ - سۆز پىششىق بولسىلا،
ئىككى كۆڭۈل ئىسسىق بولسىلا،
مەن ئېيتىمەن: مۇنداق تۇرمۇشنى،
ھەممە ئادەم مەدھىيىلەيدۇ دەپ.

ھەيران بولماڭ ئىشقى سۆھبەتكە،
تەھسىن ئوقۇڭ پاك مۇھەببەتكە.
يېزىپتىغۇ: پۈتۈن ھاياتلىق،
مۇھەببەتنى قەدىرلەيدۇ دەپ.

# مۇھەببەت

مۇھەببەتنىڭ دەستۇرى يوق،
تەكرار ئوقۇپ يادلايدىغان.
ياكى ئۇنىڭ تاش يولى يوق،
بىر ئىز بىلەن قاتنايدىغان.

مۇھەببەت بىر سۆيگۈ چۆلى،
ھەر تەرەپكە كەتكەن يولى،
ئىمكانىدىن كۆپ مۈشكۈلى،
ئاشىقلارنى تاۋلايدىغان.

ھىجران، ۋىسال، ۋاپا، ئەخلاق،
مۇھەببەتكە بەكمۇ ئامىراق،
شۇڭلاشقا ئۇ پارلاق چىراق،
ئۆمۈر بويى چاقنايدىغان.

ياشلىق ئۇنىڭ ئەۋزەل چېغى،
كۆڭۈل دېگەن گۈلزار بېغى،
خىسلىتى بار شۇنداق تېخى،
ھەقىقەتنى ياقىلايدىغان.

# سىم ئۈزۈلگەن ئوخشايدۇ

بۇلبۇل گۈلگە قونمىدى،
تاڭنى كۈتكەن ئوخشايدۇ.
يار كېلىپ بىر كۆرمىدى،
ئۇنتۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

چۈشۈمدىلا كۆردۈمەن،
ئوڭۇمدا ھېچ كۆرمەيمەن،

خىيالىنى بىلمەيمەن،
ياتنى سۆيگەن ئوخشايدۇ.

خېتىمگە خەت كەلمىدى،
گېپىمگە گەپ كەلمىدى،
يا تېلېفون بەرمىدى،
سىم ئۈزۈلگەن ئوخشايدۇ.

# داغدا قالغان قىز

مىرزاھىد كېرىمى

ئۇ كۈلدى،
يۆلەندى دەرەخكە،
كۆزى خۇمالاشتى،
سارغايغان ياپراق چۈشتى پىلدىرلاپ.

ئۆتتى كۈنلەر،
ئۆتتى ئايلار،
ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشتى...
نېمىشقا ئەمدى
چېچىنى يۇلار
دېرىزە ئالدىدا يىغلاپ؟...



# مۇزىكا، كەيپىيات، سالامەتلىك

يېڭى تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئىنسانلار مۇزىكىنىڭ ئادەم ئورگانىزمىدا فىزىئو-لوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك تەسىر پەيدا قىلىش رولىنى بارغانسېرى ئېنىق تونۇپ، ئۇنىڭدىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلانماقتا. بولۇپمۇ 19-ئەسىردىن كېيىن، ئالىملار بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، مۇزىكىنىڭ خۇشاللاندۇرۇش، تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ۋە تىنچلاندۇرۇشتىن ئىبارەت 3 خىل رولىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

ئىتالىيىنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى زاپرو تەتقىق قىلىش ئارقىلىق باخنىڭ مۇزىكىسى تاماق سىڭمەسلىكنى، مۇزارتنىڭ مۇزىكىسى رىماتىزم كېسىلىنىڭ ئاغرىقىنى، ھېندېرنىڭ مۇزىكىسى مۇھەببەتتىكى بۇزۇلۇش ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى بەزى ئازابلارنى، شۇبېرتنىڭ مۇزىكىسى ئۇيقۇ-سىزلىقنى تۈگىتىشكە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بايقىغان.

ھازىر ئامېرىكىدا فۇنكسىيىلىك توسالغۇ، روھىي، جىسمانىي جەھەتتە ۋە چوڭ مىڭىدە كۆرۈل-گەن توسالغۇ، نېرۋا فۇنكسىيىسى بۇزۇلۇش ھەم نېرۋا كېسىلى قاتارلىق كېسەللىكلەر ئاساسلىقى مۇ-زىكا ئارقىلىق داۋالانماقتا.

ياپونىيىدىكى «پىدائىيلار جەمئىيىتى» ئۇزاق مۇددەت تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مۇزىكىنىڭ تىبا-بىي داۋالاش جەھەتتىكى ئۈنۈمىنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. ئۇلار ئۇزاق مەزگىل كېسەل كارىۋىتىدىن چۈشمىگەن كىشىلەرگە مۇزىكا چېلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئەسلىدە پۇت-قوللىرىنى مىدىرلىتالمايدىغان كېسەللەر تۇرمۇشنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلالايدىغان بولغان، ھەتتا بەزى ھوشسىز ياتقان كېسەللەرمۇ ئېسىگە كەلگەن.


مۇزىكىلىق داۋالاش- مۇزىكىنىڭ رىتىم تۇيغۇسى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، بىمار-نىڭ نورمالسىز بولغان ئورگانىزمىنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتىنى ياخشىلاپ نورمال قېلىپقا چۈشۈرۈش-نى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى ئادەم ۋە ماددىلارنىڭ بەلگىلىك ئايلىنىش قانۇنىيىتى بولىدۇ، نورمال قانۇنىيەت بۇزۇلغاندا ئادەم كېسەل بولىدۇ. شۇڭا كېسەل كىشىلەر ئۈچۈن دائىم رىتىم تۇيغۇسى كۈچلۈك بولغان مۇزىكىلارنى ئاڭلاش بىر خىل ئۈنۈملۈك داۋالاش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ئاشقازان كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، قان بېسىمى نورمال بولمىغان كىشىلەر دائىم مۇزىكا ئاڭلاپ بەرگەندە ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ئۇزاق مۇددەتكىچە رىتىملىق، قانۇنىيەتلىك بولغان مۇزىكىنىڭ غىدىقلىشىغا ئۇچراپ، نورمال ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارى تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىدۇ.

«ئائىلە تۇرمۇشى» ژۇرنىلىدىن: ئەھمەدجان باقىزى تەرجىمىسى

## تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى

خەتتاتلار ئۈلگىسى

ئابدۇللا ئابدۇرەھىم ئىشلىگەن




«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 新疆文化（维吾尔文）

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال) 36 - يىل نەشرى 1987 - يىل 4- سان

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

ۋاكالەت نومۇرى: 22 — 58 تىزىملانغان نومۇرى: 414

